1994

4

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

- مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدە
- ئۆزبېك مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى
- يەرلىشىپ كېتىۋاتقان ئەيتىشمىزنىڭ بىرقانچە پاكىتلىرى
- يۈرەكنى غاجايدۇ تىنىمسىز ئويلار



ISSN 1002-9184

UNITY OF NATIONALITIES

# كېرەم ئىمىن پۇل تاپتى ياخشى ئىش قىلىپ يۈز تاپتى



كېرەم ئىمىن باشلانغۇچ مەكتەپتە



ئىسمائىل ئەھمەد كېرەم ئىمىن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا

خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىكى كېرەم ئىمىن يېيىغاندا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ غېمىنى يەپ، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر شىپاخانا ۋە بىر كۆۋرۈك سالدى. ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «مائارىپقا ياردەم بېرىش نەمۇنىچىسى». 5 ـ ئايدا، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى جۇرئەت مەتمىنىنىڭ ھەمراھلىقىدا، كېرەم ئىمىننىڭ خەلققە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى.

ئۆز مۇخبىرىمىز ئىدرىس بارات خەۋىرى ۋە فوتوسى



كېرەم ئىمىن كۆۋرۈكدە




كېرەم ئىمىن شىپاخانىسىدا

بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،

ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.




● سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى - جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تاللاشتۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىش جەريانىدا، كۆز قاراش، ئاڭ قاتارلىق جەھەتلەردە كەسكىن سىناقلارغا يولۇقىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بازار ئىگىلىكىگە كىرىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە چوقۇم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكنى تولۇقلاپ، سىياسەتنى ياخشى ھەم جانلىق قوللىنىپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ بۆسۈش تۈگۈنىنى توغرا تاللاش ۋە مەخسۇس خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئىشىنى تېزلىتىش لازىم. بۇ ھەقتە بىز جىلىن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى چۈەن جېجۈنىڭ **«بازارغا ماسلىشىپ، مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى»** دېگەن ماقالىسىنى كەڭ مۇشتەرىلارنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

● **«باھاردىكى خۇش خەۋەر: مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدە»**

1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدىن ئىبارەت 40 نەچچە يىللىق شانلىق تارىخقا ئىگە بۇ مەكتەپ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە دەۋر ھالقىغان بىر قەدەمنى باسقان: دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئۇنىڭ نامى رەسمىي بۇ سورۇندا مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1994 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باش شۇجى جياڭ زېمىن مەكتەپ ئىسمىنى يېزىپ بەردى.

● سىز «ئۆزبېك» دېگەن بۇ ئاتالغۇ بىلەن تونۇشلۇق بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى، ئۇ بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە مۇناسىپ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى بار. سىز بۇ مىللەتنىڭ تەپسىلاتى بىلەن تونۇشماقچى بولسىڭىز **«ئۆزبېك مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى»** دېگەن ماقالىنى كۆرۈپ چىقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.

● 21 - ئەسىرنىڭ سىگنالى چېلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەممە ئادەم مىللىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈپ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتقان شارائىت ئاستىدا، سىز بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرس خاتىرىسىدىن «ئۆي ھايۋانلىرى بۆرە، ئېيىق، يولۋاس، توڭگۇز ... ئۆي قۇشلىرى ئېشەك، قوي، كالا، ئۆچكە ...» دېگەن سۆزلەرنى كۆرسىڭىز، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئويغۇر تىلىدىكى ئالتە كېلىش قايسى دېگەن سوئالغا «مېڭىپ كېلىش، يېرىپ كېلىش، يۈگۈرۈپ كېلىش، كۆرۈپ كېلىش، ئولتۇرۇپ كېلىش، قايتىپ كېلىش ...» دەپ جاۋاب بەرگىنىنى كۆرسىڭىز قانداق خىياللاردا بولارسىز. كۆلەر سىزمۇ ياكى يىغلارسىزمۇ. قارىماققا بۇ بىر چاقچاقتەكلا قىلىدۇ، بىراق بۇ ھەرگىزمۇ چاقچاق ئەمەس. شۇڭلاشقىمۇ ئاپتور چىداپ تۇرالماي ئۆتكۈر قەلىمىنى ئېلىپ، **«ئۆرتەنگەن قەلبلەر»** دېگەن ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىپ، ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلغان.



# مۇندەرىجە


## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى

بازارغا ماسلىشىپ، مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى...................... (4)
باھاردىكى خۇش خەۋەر: مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدە... (21)

## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرەيلى ................................................................ (11)

## مىللەتلەر مۇنبىرى

مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك........................................................................ (19)

## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار

ئۆزبېك مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ....................... قادىر ئەكبەر (25)

## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ

پەسلىشىپ كېتىۋاتقان تەبىئىتىمىزنىڭ بىر قانچە پاكىتلىرى................ ئەختەم ئۆمەر (30)
يۈرەكنى غاجايدۇ تىنىمسىز ئويلار.............................. ۋارىسجان قاسىم (36)

## مىللەت ۋە ئۆرپ - ئادەت

ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى............................ ئابدۇكېرىم راخمان (32)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى............................ مۇتەللىپ سىدىق (40)

## دۇنيا مىللەتلىرى

ئەرەبلەر ۋە ئەرەب تىلىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى................ ئابدۇللا مۇھەممەدئېلى (34)

## ئىقتىساد رۇجىكى

ئىسلام دىنىدىكى بازار قارىشى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ................ ئابدۇللا ئىسمائىل (42)

## مىللەت خەزىنىسى

رۇگىلاك مازار...................................... ئابدۇلئەزىز ماموت (45)

## تەرمىلەر

تۇنجى قېتىم پاي چېكى سېتىۋالغاندا.................................. (46)
3 - كەسپىنىڭ كېلىپ چىقىشى........................................ (46)






دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

(ئومۇمىي 35 - سان)

باش مۇھەررىر:
ئىدرىس بارات
(تېلېفون: 234567)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ئەكبەر ئېلى
(تېلېفون: 237021)

بۇ ساننىڭ نۆۋەتچى تەھرىرى:
خەمىت نېغمەت


## كېلەر ساندىكى مۇھىم ئەسەرلەر

- ياىلاقتا باھار كەلگەندە
- دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش چېن خۇگىنىڭ ژۇرنىلىمىز مۇخبىرىنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى



# مۇندەرىجە


«تاماق يېدىگىزمۇ»نىڭ كېلىپ چىقىشى........................ (46)
كىشلەرنى جەلپ قىلاي دېسىڭىز.................................. (47)
مەملىكىتىمىزدىكى ئالتە قەدىمكى پايىتەخت........................ (47)
«تاگىلىقلار كوچىسى» ............................................ (47)

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

مىنىڭ داڭلىق ئاۋاز ئارتىسى ھاۋاخان ھېيتنى بەكلا كۆرگۈم بارئىدى. بىراق ھازىرغا قەدەر كۆرەلمەيۋاتىمەن، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن قانچىلىك مەبلەغ كېتەر؟ قاتارلىق 13 سوئالغا بېرىلگەن جاۋابلار................................................ (48)، (49)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

جوڭگو ۋە چەت ئەل يۇمۇرلىرى.................................. (50)، (51)

## گۈلدەستە

ئۆرتەنگەن قەلبلەر (ئەدەبىي ئاخبارات)...................... مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم (52)
قىرتاق جاكارلار (ئەدەبىي پارچىلار)........................ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (57)
مىللەتلەر باراۋەر جوڭخۇا ئېلىدە (شېئىر)...................... روزى سايىت (62)
نەسىرلەر ........................ ئابدۇراخمانجان ئابدۇكېرىم(62)

## مۇشتىرىلاردىن خەت

«گۈلدەستە»گە بىر نەزەر.............................. ئابدۇرېھىم زۇنۇن (60)
مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ھەققىي مۇسۇلمانچە بولۇشى كېرەك... ئىمىن قارى ئابدۇرېھىم (63)

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىدا: ئىسمائىل ئەھمەد كېرىم ئىمىن ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى يېڭونېرلار ئارىسىدا ..........................
.......................... ئىدرىس بارات خەۋىرى ۋە فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 2- بېتىدە: ئىسمائىل ئەھمەد كېرىم ئىمىن سالغان باشلانغۇچ مەكتەپ، شىپاخانا ۋە كۆۋرۈكنى كۆردىن كەچۈردى.............................. ئىدرىس بارات خەۋىرى ۋە فوتوسى
ئوتتۇرا رەڭلىك بەتتە: نېفت شەھىرىنىڭ يېڭى قىياپىتى......... لى‌خۇي خەۋىرى ۋە فوتوسى
ئوتتۇرا قارابەت 1- دە: تەنتەنە.............................. ۋېي‌دىڭنىڭ فوتوسى
ئوتتۇرا قارا بەت 2- دە: ئەنۋەر سەمەت ھۆسن خەت ئەسەرلىرىدىن ناللانما..........................
3- بەتتە: بېيجىڭنىڭ گەنجاكو كوچىسىدىكى «سېدىنىي مۇسۇلمانلار رېستورانى»..........................
خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى مەلھەم دورىلارنى زامانىۋى ئۇسۇلدا تابلېتكا قىلىپ ياساپ چىقتى.............................. ئىدرىس بارات خەۋىرى ۋە فوتوسى
4- بەتتە: ئۇرۇن يوللار .............................. ياسىن فوتوسى



مىللەتلەر ئىتتىپاقى

民族团结

ۇلتتار ىنتىماعى

민족단결

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22- قورۇ) پوچتا نومۇرى: 830000
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
تاق ئايلارنىڭ 25-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ھەر يىلى 5- ۋە 10-ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
ۋەكالەت نومۇرى: 117 ـ 58
خەلقئارالىق پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:
BM 178U





- خۇيزۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى
- ھىلال ئاي ۋە يېشىل رەڭ
- ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى
- تاماخورلۇقتىن قۇتۇلايلى

# بازارغا ماسلىشىپ، مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

—— جىلىن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى چۈەن جېجۇ

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ـ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تاللاشتۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولغاچقا، تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ كونكرېت مەسىلىلەرگە، تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ بىۋاستە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، بازارغا داۋاملىق ماسلىشىش جەريانىدا مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

**1. ئالدىنقى شەرت: كۆز قاراشنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك:**

كۆز قارىشىمىزنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مىللىي ئىقتىسادنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتە كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى بار. ھالبۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىنتايىن جىددىي، ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتە بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشالمايۋاتقانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنۇلار:

ـ رىقابەت ئېڭىمىز كەمچىل. ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەش، ئۆز ـ ئۆزىنى قامداشتىن ئىبارەت ناتۇرال ئىگىلىك ۋە بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش، بىر تۇتاش سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت پىلانلىق ئىگىلىككە ئادەتلىنىپ قالغان، ئازراقلا ھاللىنىپ قالساق، بارىغا شۈكرى قىلىمىز، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىمىز كەمچىل.

ـ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېڭىمىز تۆۋەن. پىلانلىق ئىگىلىك، بولۇپمۇ «كەمتۈك ئىگىلىك»نىڭ تەسىرى ۋە ئىنېرتسىيىلىك رولى سەۋەبلىك، كارخانىلىرىمىز ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە كۈچلۈك بولغىنى بىلەن تىجارەت قىلىش جەھەتتە ئاجىز؛ «ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش»تىن ئىبارەت خىزمەت يولىغا ئادەتلىنىپ قالغان، بازار ئەھۋالىغا قاراپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى بېكىتىشكە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. ئۈنۈم ئېڭىمىزنىڭ تۆۋەن بولۇشى يەنە پۇل مۇئامىلىسى ئېڭى جەھەتتە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ، قەرز ئېلىشقىلا ئېتىبار بېرىپ، قەرز قايتۇرۇشقا سەل قاراۋاتىمىز، سېلىنما سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا سەل قاراۋاتىمىز، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىمىز، شۇنىڭ بىلەن «ئايىغى چىقمايدىغان قۇرۇلۇشلار»، «خورۇچ تورلەر»دىن نېرى كېتەلمەيۋاتىمىز، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ، تېخىنكا ئۆزگەرتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈنۈمىمىز، مەھسۇلات مىقدارىنى نورمىغا يەتكۈزۈش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ئۈنۈمىمىز نىسبەتەن تۆۋەن، مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ـ ئۇچۇر ئېڭىمىز تۆۋەن. ئۇزاق مەزگىلدىن بويان بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن بولغاچقا، «سىرتقى دۇنيا»غا تېگىشلىك دەرىجىدە دىققەت قىلىشىمىز كەمچىل، مىنۇتىغا مىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بازار ئەھۋالىغا بولغان سەزگۈرلۈكىمىز ۋە ئىنكاسىمىز كەمچىل. تاكتىكا جەھەتتە بازارنى تۇتالمايۋاتىمىز، تەدبىر جەھەتتە پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتىمىز، تەدبىر كۆرۈش جەھەتتە ھەمىشە باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىۋاتىمىز، شۇڭا چوڭ كىلىماتتا ئۆزگىرىش بولغاندا (مەسىلەن، دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتە تەڭشەش ئېلىپ بارغاندا)، بىر بولسا «كاللىمىز ئېلىنىپ سازايى قىلىنىۋاتىدۇ»، ياكى بولمىسا «قاق بېلىمىزدىن سۇندۇرۇۋېتىلىۋاتىمىز». بۇ جەھەتتىكى ساۋاقلار ھەقىقەتەن ئاچچىق دېيىشكە بولىدۇ.

ـ ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئېڭىمىز تۆۋەن. ئاز سانلىق مىللەتلەر قىزغىن، مېھماندوستلۇقىمىز بىلەن مەشھۇرمىز. لېكىن كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت

«قىرزىنى، مېھماندوستلۇق» بىلەن ئىقتىسادىي مەقسەتكە يېتىشكە يول قويمايدۇ. شۇڭا پائال، تەشەببۇسكار ھالدا يۇقىرىدىن ياكى سىرتتىن (سىرت رايونلاردىن، چەت ئەللەردىن) ئاممىۋى مۇناسىۋەت ۋاستىسى ئارقىلىق مەبلەغ، تۈر ھەمكارلىق قاتارلىقلارنى قولغا كەلتۈرەلمەيۋاتىمىز، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئاممىۋى مۇناسىۋەتمۇ بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلمەيۋاتىمىز.

بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىلەن، نۇرغۇن ئەنئەنىۋى قاراشلار كونا، چىرىك، قاتمال، قالاق نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئىدىيىمىزنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، قاراشنى يېڭىلاپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە داۋاملىق تۈردە ماسلاشقاندىلا، مىللىي ئىقتىسادنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاسىل قىلالايمىز.

**2. مۇھىم نۇقتا: بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.**

مىللىي ئىگىلىكنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەت جەريانىدا، مۇھىم نۇقتىنى «بىرلەشتۈرۈش» جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا قارىتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، رېئاللىققا توغرا قاراپ، خىزمەتلەرنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى مۇنداق: ئاساس سانائىتى ئومۇمیۈزلۈك ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى شارائىتى ناچار، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىمات سەۋىيىسى تۆۋەن، بازار مېخانىزمى مۇكەممەل ئەمەس. تېخنىكا كۈچى، قۇرۇلۇش مەبلىغى، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى، ئىسلاھات سالمىقى ۋە ئىشكىنى ئېچىۋېتىش دائىرىسى ھەم ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى، شۇنداقلا ئومۇمىي ئىقتىسادىي كۈچى دېگەندەك ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىر ستارتتا ئەمەس. مۇشۇنداق بولۇپلا قالماي، ئومۇمىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنە بارغانسېرى چوڭىيىۋاتىدۇ. مانا بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى. ئەگەر بۇ رېئاللىققا توغرا قارىماي، ئۆز- ئۆزىمىزدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، تىنىك لىنىيىلىك سېلىشتۇرۇشتا كۆرۈلگەن نەتىجىلىرىمىزگە مەپتۇن بولۇپ كەتسەك؛ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىز ۋە كرىزىس تۇيغۇمىزنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مىللىي ئىقتىسادنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەگەر ئوبيېكتىپ شارائىتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قارىغۇلارچە يېتىشىۋېلىشنى كۆزلەپ، ئىمكانىيىتىمىزگە قاراپ ئىش قىلماي، نەتىجە قازىنىشقا ئالدىراپ كەتسەك، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيمىز، ھەر قانچە كۈچ چىقارغان بىلەنمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيمىز، ھەتتا ئۈستىمىزگە بىر مۇنچە يۈكنى ئارتىۋالىمىز. رېئاللىققا توغرا قاراش دېگەنلىك پاسسىپ ھالەتتە كۈتۈش، ھېچقانداق ئىش قىلماسلىق دېگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە، بەلكى تەدبىر قوللىنىپ، قارىغۇلۇقنى يېڭىپ، قاراتمىلىقنى كۈچەيتىپ، ھەم يۈرەكلىك ھالدا يول ئېچىش ھەم پۇختىلىق بىلەن ھەقىقىي ئىشلەش دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتىشسىزلىكنى تولۇقلىشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ كۆپىنچىسى تېررىتورىيىسى كەڭ، بايلىقى مول، چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن، يۇرت ئېغىزلىرى كۆپ، ساياھەت قىلىدىغان مەنزىرىلىك جايلىرى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، بەزى جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈككە ئىگىمىز. ئەگەر مۇشۇ ئوبيېكتىپ ئۈستۈنلۈك ئۈنۈملۈك ھالدا ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇلسا، مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. لېكىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئوبيېكتىپ ئۈستۈنلۈكىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتە يەنىلا بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ: بىرىنچىدىن، ئۆزىمىزدىكى ئۈستۈنلۈكلەرنى كۆرۈپ يېتەلمەيۋاتىمىز. ئۈستۈنلۈكنى يېتەرلىك قازالمايۋاتىمىز،

بولۇپمۇ ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈكنى قانداق قىلىپ ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە تونۇشىمىز يېتەرلىك ئەمەس. ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈك پەقەتلا «سىمۋول»لۇق رول ئويناۋاتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئورتاق ئۈستۈنلۈكنى بايقاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى تونۇشىمىز ئاستا، باشقىلار ئالدى بىلەن بىر ئىش قىلسا، ئۆز ئالدىمىزغا ئىش تۇتماي، ھەممىمىز شۇ ئىشقا كىرىشىپ كېتىمىز. خەقنىڭ ئىشىغا ھەيران قېلىپ نەتىجىدە ئوتتەك قىزىپ، بىردەمدىلا سوۋۇپ، ئورتاق ئۈستۈنلۈكنى ئورتاق يۈككە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىمىز؛ ئۈچىنچىدىن، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنىڭ قەدرىگە يەتمەي، يېرىك ئىگىلىك باشقۇرۇپ، دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنى ئەرزان باھادىلا سېتىۋېتىپ، خام ئەشيالارنىڭ زور مىقداردا سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىمىز.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئوبيېكتىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتىشسىزلىكنى تۈگىتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئەھۋالىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىمىزنى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە بازار ئىگىلىكى نۇقتىسىدىن تونۇپ ۋە بايقاپ، ئۈستۈنلۈككە قارىتا ئومۇمىي تونۇش شەكىللەندۈرۈپ، ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ھۇجۇم نىشانىنى تەڭشەپ، ئۈستۈنلۈكنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىنى ئەڭ زور، ئەڭ ياخشى دەرىجىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ بازارنى زورايتىش رولىغا ئەمەل قىلىش بىلەن بىللە، ئورتاق ئۈستۈنلۈكنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولغان ئىلمىي، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان پىلانلىق يېتەكچىلىكنى ياخشى قىلىپ، «ئۈستۈنلۈك ئىچكى ئۇرۇشى»دىن ساقلىنىشىمىز كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، تەبىئىي بايلىقلارنى داۋاملىق تۈردە تولۇق، ئىنچىكە، ئېچىپ، بۇلاڭ-تالاڭ تەرىقىسىدىكى ئېچىش ۋە كۆز ئالدىدىكى پايدىنى كۆزلەپلا ئالدىراقسانلىق بىلەن ئېچىشتەك قىسقا مۇددەتلىك ھەرىكەتلەرنى قەتئىي توسۇپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىمىزدىن ئۇزاق مۇددەت پايدىلىنىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەڭشەپ، رايون ئىسكەنجىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۇنياۋى ئىقتىسادىي پائالىيەتكە قاتنىشىشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولماسلىق مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت، شۇڭا بۇنىڭغا قارىتا زۆرۈر تەڭشەش ئېلىپ بېرىش كېرەك. لېكىن ئۆتكەنكى تەڭشەشلىرىمىزدە سۈنئىي كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان بەك چوڭ بولدى، مەسىلەن: بوز يەر ئاچىمىز دەپ ئورمان، يايلاقلارنى ۋەيران قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇۋەتتۇق، زورمۇزور بىرلەشتۈرىمىز دەپ بەزى كارخانىلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتۇق؛ تۈرلەرگە قالايمىقان تۇتۇش قىلىپ، ئادەمنى چارچىتىپ، مالىيەنى بۇزۇپ- چېچىۋەتتۇق ۋە باشقىلار. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوڭ بازار نۇقتىسىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىمىزنى يېڭىباشتىن مۆلچەرلەپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە كەسىپ قۇرۇلمىسى، كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەڭشەش ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، ئەمما ئادەمگە بېقىپ تەڭشەش ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز كېرەك. بېكىنمە، قالاق، ئۆز يېرىدىن ھېچ يەرگە مىدىرلىمايدىغان ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئېڭى ۋە ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ۋە تۈگىتىپ، رايون، ئۆلكە، دۆلەت ھالقىغان ئىقتىسادىي چوڭ پائالىيەتكە پائال قاتنىشىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش يېڭى نۇقتىلىرىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈپ، مىللىي ئىقتىسادنى بازار رىقابىتىدە سىناقتا بەرداشلىق بېرىپ، تەرەققىي قىلىپ زورىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، سىياسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئاپتونومىيىنى ياخشى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىك تەرەپلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن سىياسەت بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىدە (جۈملىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سىياسەتلىرىدە)، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان غەمخورلۇق ۋە ئېتىبار بېرىش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسەتتە ئۇنۇم بار، سىياسەتنى

ياخشى ئىشلىتىشنىڭ ئۆزى ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقتۇر، شۇڭا، سىياسەتنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى، تولۇق، جانلىق ئىشلىتىش ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تۈپ قەدەم-باسقۇچ.

سىياسەت دوگما ئەمەس، ئۇنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۆلۈك ھالدا ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىدۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سىياسەتلەرنى «جانلىق» ئىجرا قىلىشقا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىپ قويۇشقا بولىدۇ، بۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بېرىلگەن ھوقۇق، سىياسەتنى ئىجادىي ھالدا ئىجرا قىلىپ سىياسەتتىكى ئورتاقلىقنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ خاسلىقى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، سىياسەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى، جانلىق ئىشلىتىپ، مىللىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز.

پەرق بولمىسا سىياسەتمۇ بولمايدۇ. نۆۋەتتە سىياسەت تېڭشىلىك ئورۇنغا يېتىپ بارالماسلىق ئەھۋالى ھېلىھەم مەۋجۇت، باسقۇچ خاراكتېرلىك سىياسەتنى ئېلىپ ئېيتساق، مەركەز بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنىڭ ئايرىلىشى يەنىلا ئېنىق ئەمەس، سىياسەتتە ھەممە بىر تاياقتا ھەيدىلىۋاتىدۇ، تۈۋرۈلمە جەھەتتە ئەندىزە بىرلا خىل بولۇۋاتىدۇ، پرىنسىپ، تەلەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە پەرق ئەكس ئەتتۈرۈلمەيۋاتىدۇ؛ ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، بەزىلىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلەر تولۇق ئويلىشىلمىغان، بەزى ھوقۇقلار تولۇق بېرىلمىگەن يا بېرىلگىنىنى، يا بېرىلمىگىنىنى ئۇقىلى بولمايدۇ، چەكلەش بەك كۆپ، بۇ ھال مىللىي ئاپتونومىيە ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشىۋە تەرەققىي قىلىنىشىنى مەلۇم دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىتىۋاتىدۇ. بۇلارنى بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سىياسەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئاچقۇچ «ئاساسىي قانۇن» ۋە «ئاپتونومىيە قانۇنى»غا ئەمەل قىلغان ھالدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا. نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى خېلى ياخشى ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى تېخى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگىنى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلگىنى يوق. ئىقتىسادىي ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق بار بولغاندىلا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك سىياسەت تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلىشەلەيدۇ. بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسى ئەمدىلا بەرپا قىلىنىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىت، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ مەبلەغ سېلىش، پۇل مۇئامىلىسى، مالىيە، تاشقى سودا، باج، ئۆسۈم پىرسەنتى، باھا، ئىش ھەققى، پىلان، بايلىقنى ئېچىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە كېڭەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تۇتاشلىقى بىلەن يەرلىكنىڭ ئاپتونومىيىلىكىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ھەقىقىي پايدىلىق پۇرسەت.

**3. بۆسۈش ئېغىز: ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش كېرەك.**

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم بۆسۈش ئېغىزىدۇر.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئادەم، يەر ۋە بايلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دۆلەت دەرىجىلىك ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنى ياخشى قۇرۇش كېرەك. دۆلەت دەرىجىلىك ئېچىۋېتىلگەن رايونلار دۆلەتنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى مۇھىم

ئوقتا، بۇ نوقتىنى ياخشى تۇتۇش - تۇتماسلىق ئومۇمىي ۋەزىيەتكە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، دۆلەت دەرىجىلىك ئېچىۋېتىلگەن رايونلار بىر تەرەپتىن ئالدىدا مېڭىشتەك ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەيرىي دۆلەت دەرىجىلىك ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەس-بەستە ئوتتۇرىغا چىقىرىش رىقابىتىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ ۋە قوغداپ، دۆلەت دەرىجىلىك ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياخشى قۇرۇش، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم كاپالەت. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، مەيلى قايسى دەرىجىدىكى، قايسى تۈردىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنى ئېچىۋېتىش بولسۇن، ھەممىسىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئېچىۋېتىلگەن رايونلار قۇرۇلۇشىدىكى بىر مۇھىم پرىنسىپ.

ئىككىنچىدىن، بىر تۇتاش پىلانلاپ، چوڭ ئېچىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ۋە كەڭلىك دەرىجىسى جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئىگە قىلىش كېرەك. «چوڭ ئېچىۋېتىش»تىكى مۇھىم تەدبىر شۇكى، شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشتۇر. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدىكى بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 124 ئاپتونوم ناھىيىنىڭ بىرەرسىدىمۇ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلىدىغان ئالاھىدە سىياسەت يوق، بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېڭى يول ئېچىشىغا پايدىسىز، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ باراۋەرسىزلىك بار. ھازىرقى شارائىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شارائىتى كەۋدىلىكرەك بولغان بىر- ئىككى ئاپتونوم ئوبلاستنى تاللاپ ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ، نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە بولىدۇ. ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش بىر قەدەر چوڭقۇر قاتلام ۋە بىر قەدەر كەڭ ساھە دائىرىسىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى بازارنى خەلقئارا بازارغا تۇتاشتۇرالايدۇ، ئۇ ھەم مىللىي ئىقتىسادنىڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەپ، تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق. ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش بىلەن «چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىناق رايونى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، يولغا قويۇش بىردەكتۇر. 1987-يىلى مەركەز، گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان «مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلات»تا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىن شارائىتى ياخشىراقلىرىنى تاللاپ، خەلقئارادىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېچىۋېتىش رايونلىرى ۋە چېگرا ئەركىن سودا رايونلىرىنى تەسىس قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئېلىمىزدىكى دېڭىز ياقىسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنىڭ بەزى سىياسەت-تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تېخىمۇ ئېچىۋېتىلىدىغان سىناق نۇقتىسى قىلىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. 1992-يىلى مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا بۇ پرىنسىپ يەنە قايتا تەكىتلەندى.

ئۈچىنچىدىن، ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش مۇھىتىنى ياخشىلاشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئەگەر چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ چېگرا ياقىسىغا جايلاشقانلىقى ۋە چەت ئەللەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار بولغانلىقى ئۆتكەندە «يۈك» بولغان بولسا، ھازىر ئۈستۈنلۈككە ئايلاندى دېسەك، ئۇنداقتا ئېچىۋېتىش مۇھىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە بۇ رايونلارنىڭ «يۈك»ى ھېلىھەم يەنىلا ئېغىر. گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپ تەرەپتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان، بەزى رايونلارنىڭ سەۋىيىسى خېلى دەرىجىدە ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن كەلگۈسى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئېچىۋېتىش جەھەتتە تېخىمۇ چوڭراق قەدەم ئېلىشتا، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا يۇمشاق مۇھىت ۋە قاتتىق مۇھىت جەھەتتە يەنىلا ماسلىشالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېقىنقى مەزگىل بىلەن يىراق مەزگىلنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى بويىچە، ستراتېگىيىلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېنېرگىيە، قاتناش، ئالاقە

مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇمشاق مۇھىتنى داۋاملىق سەرخىللاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك قانۇن-تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ تېگىشلىك ئورۇنغا كېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

**4. ئاچقۇچ: تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئىگە بولۇش كېرەك.**

بازار ئىگىلىكى — رىقابەت ئىگىلىكى. بازار رىقابىتى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىختىساس ئىگىلىرى رىقابىتى، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئىگە بولغاندا، بازار رىقابىتىدىكى تەشەببۇسكارلىققا ئىگە بولغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا بازارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاستا بولۇشى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ قىس بولۇشىغا قارىماي، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىش ئەھۋالى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىنىڭ كىرگۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئورۇنلار ئۆزىگە باقىندە قىلىۋېلىش تۈزۈمىنىڭ بۇزۇپ تاشلىنىشى، نوپۇس تۈزۈمىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، شۇنىڭدەك تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ يۇقىرى ئىش ھەققى ۋە ئەۋزەل ماددىي شارائىت ئارقىلىق جەلپ قىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ شەرققە قاراپ ئېقىش ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشماقتا. بازار ئىگىلىكى قانچىكى تەرەققىي قىلغانسېرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل بولۇش مەسىلىسى شۇنچە گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. ئىلمىي تەدبىر كۆرۈش، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، بازار ئېچىش، سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە ماسلىشالماسلىق بارغانسېرى گەۋدىلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان زور تۈركۈمدىكى تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ تەربىيىلىشىمىز ۋە جەلپ قىلىشىمىز كېرەك ھەمدە ئۇلارنى بازار ئىگىلىكىدە ماھارىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. بۇ مىللىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ ئاچقۇچى، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە.

ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ بازار ئىگىلىكى ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تۇرغۇزۇشنى تۇتۇش قىلىپ، رىقابەت، ئۈنۈم، ئىناۋەت، قابىلىيەتلىكلەر، پەن-تېخنىكا قاتارلىق بازار ئىگىلىكى كۆز قارىشى ۋە بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىشتىكى يېڭى تەپەككۇر شەكلىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن خەلقنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىش ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز ھەمدە بازار ئىگىلىكى ئەمەلىيىتىدە شۇ مىللەت ئىچىدىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تايانچ كۈچلەر ۋە باشلامچىلارنى داۋاملىق تۈردە بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

مىللىي پەن-تېخنىكا، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى كۈچەيتىشنى شۇ مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى ھالاك بولۇش ۋە ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ياخشى تۇتۇشىمىز، تۇتقاندىمۇ بوشاشماي دائىم تۇتۇشىمىز كېرەك. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان باشقۇرۇش ئىختىساس ئىگىلىرى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئىختىساس ئىگىلىرى، تاشقى ئىقتىساد، تاشقى سودا ئىختىساس ئىگىلىرى، ئەمەلىي قوللىنىدىغان پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى قاتارلىقلارنى تەربىيىلەش تەرەپكە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

تېخىمۇ ئەۋزەل بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى كەڭ دائىرىدە توپلاپ، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت

قىلىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش مېخانىزمى ۋە مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشى بەرپا قىلىپ، تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مىللىي ئىقتىساد قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە تۈرتكە بولۇشىمىز ھەمدە كارامىتىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۇلارنى كارامىتىگە يارىشا ئىشقا قويۇشىمىز كېرەك.

ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا ئېقىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىشى بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىشىنى سۈنئىي ھالدا تىزگىنلەش، مەجبۇرىي بۇيرۇق بىلەن توسۇش قانۇنىيەتكە خىلاپ. ئەگەر ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتسەك، شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىساق، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى ئۆزلۈكىدىنلا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا يۈزلىنىدۇ. بۇ جەرياننى قىسقارتىش ئۈچۈن، دۆلەت ئويلىشىپ، مۇناسىپ سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا توغرا كېلىدىغان ساھەلەر بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى، يەنى كەسپچانلىقى كۈچلۈك، تەجرىبىسى مول بىر تۈركۈم پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى، باشقۇرۇش ئىختىساس ئىگىلىرى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىختىساس ئىگىلىرىنى چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا بېرىپ، مەلۇم ۋاقىت (بېرىم يىل ياكى بىر- ئىككى يىل) ئىشلەشكە تاللاپ، نۆۋەت بىلەن ئەۋەتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئۈچۈن بىر تۈركۈم ياخشى كەسىپ تۈرلىرىنى ئېچىپ، بىر تۈركۈم زامانىۋى قۇرۇلۇشلارنى قىلىپ، بىر تۈركۈم ياخشى كارخانىلارنى يېتەكلەپ، بىر تۈركۈم يېڭى تىپتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى ئازايتىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئۈنۈملۈك ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشى ۋە شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

(غالىپ ھەسەن. ت)

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى

## ھېكمەت دۇنياسى

ئەتىرگۈلگە زەن قويۇپ قارىغان كىشى ئۇنىڭ تىكىنىنىمۇ كۆرىدۇ.

— تاگور

قۇسۇرچى ئادەم ھامان رازى بولمايدۇ، مەڭگۈ بەختلىكمۇ بولالمايدۇ.

— لافونتانى

قەيەردە ئادەمتىن تاشقىرى زېھنىي كۈچ ۋە خىزمەت ئىقتىدارى بولسا، شۇ يەردە تالانت بولىدۇ.

— لىبكىنېخت

ئادەمنىڭ بۇرچى ھەقىقەتنى باتۇرلۇق بىلەن تېپىشتۇر.

— كوپېرنىك

كىتاب بەزىلەرنى بىلىملىك قىلىدۇ، لېكىن يېپىشنى بىلىپ ھەزىم قىلىشنى بىلمەيدىغان يەنە بەزىلەرنى بۇنىڭدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا تاشلايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

— سپىتداك

ھورۇنلۇق دېمەك- ھالاك بولۇش دېمەكتۇر، ئالدىراشلىق، خۇشاللىق دېمەكتۇر، بىكارچىلىق، چۈشكۈنلۈك، زۇلمەت ئىچىدە ھوشنى يوقىتىش دېمەكتۇر.

— دېفوئې

پەخەس بول! ئۆزەڭنىڭ مېڭىسىنى باشقىلارنىڭ بەيگە مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ قويمىغىن.

— شوپېنخاۋېر

ئارىيەت ئالغان ئىدىيە خۇددى قەرز ئالغان پۇلغا ئوخشاش پەقەت ئارىيەت ئالغۇچىنىڭ نامراتلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

— بىلىسسگتون

پۇرسەت پەقەت ئۇنى قانداق تېپىشنى بىلىدىغانلارغا مەنسۇپتۇر.

— چارلىزنىكول

كىشىلەر ئادەتنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزى ياراتقان.

— گېئورگى بېرناردشاۋ

شۆھرەتپەرەسلىك ساختىلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر.

— كارلىلى

بىر كىشىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ئۇنىڭ دۆتلۈك دەرىجىسى بىلەن تەڭ بولىدۇ.

— ئالېكساندىر پوپ

خۇشامەت بىر خىل يالغان پۇل، ئۇ پەقەت بىزنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىمىز ئىچىدىلا ئۆتىدۇ.

— لاروچفۇك

# ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرەيلى

جالى دىڭلۇڭ

كىشىلەر شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىنى مۇھاكىمە قىلىشتا، بۇ پەرقلەرنى كىچىكلىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر دىققەت - نەزەرىنى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا قاراتتى.

ئەگەر غەربىي قىسىم بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى شەرقىي قىسىمغا يېتىشىۋېلىش، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ئىقتىسادىنىڭ ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كۆۋرۈككە ئىگە دېسەك، ئۇ، يېزا - بازار كارخانىلىرىدۇر. بۇ كىشىلەر ھازىر ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇش.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن غەربىي قىسىم رايونلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. «14 - قۇرۇلتاي» دوكلاتىدا: «يېزا - بازار كارخانىلىرىنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەكتە بولۇش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى، بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. بولۇپمۇ، بۈلتۈر مەركىزىي كومىتېت ئاچقان يېزا خىزمىتى يىغىنىدا، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارغا سېلىنما سېلىشىدىكى تۆت مۇھىم نۇقتىنىڭ بىرى قىلىندى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش نۆۋەتتە جىددىي قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىش، شۇنداقلا بىر - تۈرلۈك ئۇلۇغۋار ھەرىكەت. بۇ خەلق ئىگىلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىككىنچى قەدەمدىكى ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىشنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، بولۇپمۇ يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەلىپى ۋە كاپالىتى. ھازىر، كىشىلەر تېز راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى، لېكىن، ھەقىقىي تۈردە تېز راۋاجلاندۇرۇش - راۋاجلاندۇرالماسلىق، قانداق قىلىپ يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىزچىل، ساغلام راۋاجلاندۇرۇش - راۋاجلاندۇرالماسلىق بىز دۇچ كەلگەن رېئال مەسىلە، شۇنداقلا، يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە، تەتقىق قىلىشقا ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك مەسىلە.

**1. سېلىشتۇرۇشتىن تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقلەرنى كۆرۈپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك.**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەريانىدا، ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان يېزا - بازار كارخانىلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېلىمىز يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. 1992 - يىلى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 تىرىليون 760 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ % 31.6 نى، يېزا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ % 69.5 نى ئىگىلىدى؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 تىرىليون 320 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ % 35.6 نى ئىگىلىدى؛ ياراتقان باج پايدا ئومۇمىي سوممىسى 179 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە، ئېكسپورت تاۋارلىرى بويىچە تاپشۇرغان مېلىنىڭ قىممىتى 119 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە تاشقى سودا ئېكسپورت تاۋارلىرىنى

سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 42% نى ئىگىلىدى؛ يېزا- بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 106 مىليونغا يېتىپ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانىدىن ئېشىپ كەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرى خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان مۇھىم نۇقتا، پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ساپ ئاشقان مىقدارىنىڭ 51.6% تى، باج كىرىمىنىڭ ساپ ئاشقان مىقدارىنىڭ 68.2% تى، تاشقى سودا ئېكسپورت تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ساپ ئاشقان مىقدارىنىڭ 42.7% تى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ساپ ئاشقان قىسمىنىڭ 61.7% تى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئارقىلىق يارىتىلدى.

لېكىن، شۇنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تەرەققىيات تەكشى بولماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بولۇپمۇ، 7 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن يېقىنقى بىر نەچچە يىلغىچە، رايونلار ئارا يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولماسلىق مەسىلىسى بارغانسېرى روشەنلىشىپ، بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي ئامىل بولۇپ قالدى.

پۈتۈن مەملىكەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولمايۋاتقانلىقى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئەڭ گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 15% نى ئىگىلەيدۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1992 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى مۇقىم مۈلۈك ئەسلى قىممىتىنىڭ 5.1% نى، يېزا- بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 4.2% نى، يېزا- بازار كارخانىلىرى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.6% نى، يېزا - بازار كارخانىلىرى باج - پايدا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 4.6% نى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرى بويىچە تاپشۇرغان مېلى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 0.92% نىلا ئىگىلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يېزا ئەمگەك كۈچلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 24.2% نى ئىگىلىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 20% تىن تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، يۈننەن، گۈيجۇ، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا 10% كىمۇ يەتمىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى 1992 - يىلى 16 مىڭ 618 يۈەنگە يەتتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن گۇاڭشىدا 10 مىڭ 840 يۈەنگە يەتكەندىن سىرت، قالغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولدى؛ چىڭخەي، گۈيجۇلاردا 6000 يۈەنگىمۇ يەتمىدى. بۇ سانلىق مەلۇماتلىق سېلىشتۇرۇشلاردىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، ناھايىتى زور پەرق بارلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. لېكىن، بۇ يەنىلا پەقەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن بولغان سېلىشتۇرما، ئەگەر ئۇنى شەرقىي قىسىم ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئاستا بولۇۋاتقانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي سەۋەب. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا يەنە باشقا سەۋەبلەر ۋە پايدىسىز ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى بار. لېكىن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسىنى، تىرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ، يېزا ئىقتىسادىي ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمى جەھەتتىكى پەرقنىڭ ئاساسەن يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن كەلگەن پەرق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋ

ئالالايمىز. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بۇ ھۆكۈمگە بولغان تونۇشى ۋە كۆز قارىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، شۇنداقلا ئەمەلىيەتكە خېلى ئۇيغۇن. 1992 - يىلى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1000 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ، جياڭسۇ، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىي تاپقان رايون ۋە شەھەرلەردە يېزا - بازار كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى چوڭ بولدى، مەسىلەن، جياڭسۇدا %87.88 نى، جېجياڭدا %83.45 نى، گۇاڭدۇڭدا %73.78 نى ئىگىلىدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى تېخى 650 يۈەنگە يەتمىگەن گۈيجۇ، يۈننەن، چىڭخەي، نىڭشيالاردا يېزا - بازار كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزا ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا %51.84، %39.21، %23.42 ۋە %30.25 بولدى. 1992 - يىلى، مەملىكەت بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئىچىدە، ئۇلارنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن قىلغان كىرىمى %30 تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا بولسا، %44 كىمۇ يەتمىدى، دېمەك، ئۆز ئارا پەرق بىرىم ھەسسىدىن ئېشىپ كەتتى.

بىز يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرۇش ۋە تەھلىللەردىن تۆۋەندىكى ئۈچ نوقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك: بىرىنچى، پەرقنى كۆرۈشىمىز، پەرقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ۋە پەرق پەيدا قىلغان تەسىرنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك؛ ئىككىنچى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە رولىنى يەنىمۇ تونۇشىمىز كېرەك؛ ئۈچىنچى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك. بۇ، بىزنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقنى تەھلىل قىلىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىمىز.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا ئېيتقاندا، تېرىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا تايىنىپ قالسىلا نىشانغا يېتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقى ئىنتايىن چەكلىك. بىراق كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتتىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىنىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشى، يېزىلارنىڭ سانائەتلىشىشى، يېزىلارنىڭ شەھەرلىشىش تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا، دېھقان ۋە يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا مېڭىشى كېرەك. بۇ ئەمەلىيەت تەرىپىدىن خېلى بۇرۇنلا ئىسپاتلاندى. ئۇنى شەرقىي قىسىم ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىمۇ ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى تۇتۇشى كېرەك. پۈتۈن مەملىكەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيە نىشانىغا يېتىشنىڭ ئاچقۇچى يېزىلاردا، قىيىن نوقتىسى دېھقانلاردا، يېزىلار ۋە دېھقانلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاچقۇچ ۋە قىيىن نوقتا يەنە كېلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا بولۇشى مۇمكىن. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، شۇنداقلا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، ئۇنى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نوقتىسى سۈپىتىدە تۇتۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە چوڭراق تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

**2. پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئىشەنچنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ئىشىنى جايى - جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.**

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە پايدىسىز ئامىللار مەۋجۇت. مەسىلەن، ئەنئەنىۋى ئىدىيە - قاراشلارنىڭ ئاسارىتى، ئاساس مۇئەسسەسە شارائىتى ئارقىدا، بازارنىڭ

بېتىلىش دەرىجىسى تۆۋەن، ئۇچۇر راۋان ئەمەس، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەنرەك، مەبلەغ كەمچىل، مەبلەغنىڭ كېلىش يوللىرى ئاز، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق ئەمەس، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رەھبەرلىك، تەشكىلىي جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە خىزمەت ئۇسۇلى مۇۋاپىق ئەمەس، ۋەھاكازالار. بۇ قىيىنچىلىق ۋە پايدىسىز ئامىللارنىڭ ھەر تەرەپتىن چەكلىشى تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشى خېلى تەس بولۇپ قالدى. لېكىن، قىيىنچىلىق ۋە پايدىسىز ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈپەيلىدىن ئىشەنچنى يوقىتىپ قويماي، بىر ئىزدا توختاپ قالماي، قىيىنچىلىقلارغا ئىجابىي پوزىتسىيە ئارقىلىق ئېتىبار بىلەن قاراپ، پايدىلىق ئامىللارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز رايونىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق تونۇپ، ئىشەنچىمىزنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات جەريانىدا ياخشى مۇھىت يارىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ يېڭىپ، پايدىسىز ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىنى تۈگىتىشىمىز كېرەك.

هازىر ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە خېلى ياخشى پۇرسەتكە ئىگە، بەزى پايدىلىق شەرت - شارائىتلار ھازىرلاندى. بىرىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئىسلاھاتنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قىلدى. گوۋۇيۈەن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىككى قېتىم مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بۇ خىزمەتنى چىڭ، ياخشى تۇتۇشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي ئۇنۇۋېرسال تارماقلاردىن ھەمكارلىشىپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەت، ئەڭ مۇھىم كاپالەت. ئىككىنچى، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ رولىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، رەھبەرلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىكى، تۇتۇش - تۇتماسلىقى، ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىشى ياكى ئېغىزدىلا توختاپ قېلىشى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدا زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يېزا - بازاركارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق. يېزا - بازار كارخانىلىرى - بازار ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى كۈچى، يېزا - بازار كارخانىلىرى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا، ئاساسىي جەھەتتىن بازارنى يېتەكچى قىلىپ كەلدى، لېكىن، ئىلگىرىكى بازار قىسمەن سىستېما بولۇپ شەكىللەنمىگەن، چەكلەشچانلىقى ناھايىتى چوڭ بولغان بازار بولغانلىقى ئۈچۈن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ بازاردىكى مېخانىزملىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرى، تاۋار بازىرى ۋە بازارغا دائىر قائىدە - نىزاملار ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مېخانىزمى ۋە ھاياتىي كۈچىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ، جارى قىلدۇرۇلىدۇ. تۆتىنچى، نەچچە ئون يىل جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا خېلى كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل بولدى، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ئەمدىلا ھەل بولغان دېھقانلاردا كۈچلۈك بېيىش ئارزۇسى ۋە ئاكتىپلىقى بار، شۇنداقلا، مەلۇم ماددىي ئاساسلارنى ھازىرلىدى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى شەكىللەندۈردى. بەشىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولدى، ھەم بازارنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان، ھەم شۇ يەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك تىپلارنى ياراتتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ شەرت - شارائىتىغا ماس كېلىدىغان، ئەينەك

قىلىشقا بولىدىغان ياخشى تەجرىبىلەرنى ياراتتى ۋە توپلىدى. ئالتىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بايلىق ئەۋزەللىكىگە، ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان كەڭ بازارلارغا ئىگە. سېلىنمىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قەدەر ئارقىدا، دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسى ۋە جۇغلانمىسى تۆۋەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا پۈتۈنلەي دېھقانلارنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ قالغان بىلەن بولمايدۇ، ئۇ، ھۆكۈمەتنىڭ مەدەتىدىن ئايرىلمايدۇ. گوۋۇيۈەن 1993 - يىلدىن باشلاپ، 2000 - يىلغىچە ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا يار - يۆلەك بولۇش بويىچە مەخسۇس تۈرلەرگە ئىشلىتىلىدىغان قەرز پۇلنى 5 مىليارد يۈەنگە كۆپەيتىشنى 1994 - يىلدىن باشلاپ 2000 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە ھەر يىلى كۆپەيتىلگەن. يېزا - بازار كارخانىلىرىغا يار - يۆلەك بولۇش بويىچە مەخسۇس تۈرلەرگە ئىشلىتىلىدىغان 5 مىليارد يۈەن قەرز پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىمۇ ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغى، مالىيە مەبلىغىدىن يېزا - بازار كارخانىلىرىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى، بەزى جايلار يەنە يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەركەزدىن جايلارغىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىغا سېلىنىدىغان سېلىنما ئىلگىرىكىدىن كۆپەيدى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەبلەغ جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. پايدىلىق شەرت - شارائىتلار يەنە ناھايىتى كۆپ، ماكرو ۋە مىكرو مۇھىت ئىلگىرىكىدىن ياخشى، بۇ يەردە پەقەت بىر نەچچە ئاساسلىق مەسىلىنىلا ئاددىي ھالدا تەھلىل قىلىپ ئۆتتۈم.

لېكىن، پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە تېز راۋاجلاندۇرۇش ئىشىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش - ئايلاندۇرالماسلىق ئىنتايىن رېئال ۋە مۇھىم مەسىلە. ئىلگىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى، ئەمدى ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا بولمايدۇ، ھەرقايسى جەھەتتىكى ئەھۋاللار يەنە ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقىمۇ يول قويمايدۇ.

1992 - يىلدىن بۇيانقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بولۇپمۇ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشتا ھەقىقىي ھەرىكەتكە كەلدى، تەرەققىيات ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، تەرەققىيات سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تېزلەشتى. 1992 - يىلى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى، يېزا - بازار كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1991 - يىلدىكى 3.4 % تىن 4.2 % كە يېتىپ، 0.8 پىرسەنتلىك رىقەم ئاشتى. ئۆتكەن يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى 60 % تىن يۇقىرى بولدى. مەسىلەن، 1992 - يىلى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 30 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1990 - يىلدىكىدىن 115 % ئېشىپ، ئەسلىدە بەلگىلەنگەن 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى پىلاندىكىدىن 15.7 % ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى؛ بۇلتۇر 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 40 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1990 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 196 % ئېشىپ، 1990 - يىللىق پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 1.35 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى. بۇ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پۇرسەت مەھكەم ئىگىلەنسە، سىياسەت مۇقىم، تەدبىر كۈچلۈك بولسا، سېلىنما ئەمەلىيلەشتۈرۈلسە، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىنسىلا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرالايدۇ.

**3. ئىسلاھاتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك.**

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن يۇقىرى ئۈنۈم

بىلەن ئىزچىل، ساغلام راۋاجلىنىش تەلەپ قىلىندۇ. ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات سەۋىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەرقىي قىسىم ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلار ئاساسلىقى ئورنىنى، دەرىجىسىنى، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى؛ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئاساسلىقى ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشى كېرەك.

ھازىر، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى ھەم تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ھەم ياخشىراق ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇنۇ بىر نەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك:

(1) ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىشى، ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا تەرەققىي قىلدى ۋە زورايدى، بۇندىن كېيىن ئۇنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدا مۇنۇ بىر نەچچە تەرەپنى تۇتۇشى كېرەك: بىرىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى تۈگىتىپ، تەرەققىيات جەريانىدىكى مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ ۋە ئۇلارنى پائال ھەل قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇشقا دائىر سىياسەت، تەدبىرلىرىنىڭ جايى - جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىككىنچى، يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى دادىل راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، كوللېكتىپ ئىقتىساد ئاجىز، يېزا - بازار كارخانىلىرى تېخى ئەمدى قەدەم تاشلىدى، بەزى جايلاردا ھەتتا تېخى قەدەم تاشلىمىدى. مۇنداق رايونلاردا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىپتىدائىي جۇغلانما باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، يېزا، كەنتلەر باشقۇرۇلۇشىدىكى كوللېكتىپ كارخانىلارنى قۇرۇشتا شارائىت كەمچىل، ياخشى قۇرۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلار راۋاجلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ يەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق، مەلۇم ۋاقىتقا بارغاندا، مۇقەررەر ھالدا بىرلىشىشكە يۈزلىنىدۇ. بۇنىمۇ شەرقىي قىسىم رايونىنىڭ تەجرىبىسى ئىسپاتلىدى. ئىلگىرى، سوتسىيالىزممۇ ياكى كاپىتالىزممۇ، دېگەن مەسىلە بىزنى كۆپ يىل پاراكەندە قىلغان ئىدى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ھەر خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا پائال ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى سىياسەت، تەدبىر جەھەتتىن ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى بازاردا ئادىل رىقابەتلىشىپ، ئورتاق راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى دادىل ئىشلىتىش، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىغا باشلامچىلىق قىلىشى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇشنى قوللاش كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېزا - بازار كارخانىلىرى «قابىلىيەتلىك كىشىلەر شۇغۇللىنىدىغان ئىگىلىك». ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى تۆۋەن، لېكىن، يېزىلاردىمۇ قابىلىيەتلىك كىشىلەر كۆپ. ئىلگىرى، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئادەم ئىشلىتىشتە مۇكەممەل بولۇشقا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى بىلىدىغان، تاۋار ئىگىلىكى ئېڭى ۋە بازار رىقابىتى ئېڭى كۈچلۈكرەك بولغان قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. يەرلىك قابىلىيەتلىك كىشىلەر شۇ يەرنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تايانچ كۈچ، باشلامچىلاردۇر. ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتا، يېزىلاردىكى قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە بولغان قاراشنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ساپاسىنى، ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈپ، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى دادىل ئىشلىتىش، ئاسراش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئۇلارنى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى

راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا كارامىتىنى كۆرسىتىشكە، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە مەدەت بېرىش كېرەك. ئۆتنىچى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى ۋە پاي تۈزۈمىنى مۇۋاپىق پەيتتە يولغا قويۇش كېرەك. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى ياكى پاي تۈزۈمىنى يولغا قويغان يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، بۇ يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن مۈلۈك ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ يېڭى تەشكىلىي شەكلى بولۇپ، كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنى دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشكە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىشقا، تەرەققىيات مەبلىغى توپلاشقا پايدىلىق. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېزرەك بولغان، شەرت - شارائىت ھازىرلانغان جايلار پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى ياكى پاي تۈزۈمىنى يولغا قويغان كارخانىلارنى پائال قوللىشى كېرەك. لېكىن، بۇنىڭدا چوقۇم ئامما ئىختىيارىي قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ھە - ھۇ بىلەن قوزغىلىپ كېتىشكە، كۆرسەتكۈچنى زورمۇزور بېكىتىشكە بولمايدۇ.

(2) ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى شۇ يەرنىڭ بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە قويۇش، ئىچكى-تاشقى بازارلارغا يۈزلىنىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بايلىقنى ئېچىش يولىدا ماڭمىسا بولمايدۇ، بازارنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتمىسىمۇ بولمايدۇ. ئىلگىرى، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئاساس مۇئەسسەسە شارائىتى ناچارلىشىپ كەتتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ناھايىتى تۆۋەن بولدى. ھازىر، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا كەسىپ سىياسىتى جەھەتتە ئازدۇر - كۆپتۇر ئېتىبار بەردى، بۇ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە، بايلىقنى ئېچىشقا پايدىلىق. يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار پىلان تۈزۈپ، ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، بازار ئېھتىياجى ۋە بايلىق ئەھۋالىغا قاراپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان تۈرلەرنى تاللىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

(3) ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، پايدىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشتا، ئۇنىڭغا چوقۇم مەلۇم ئېشىش سۈرئىتى ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. لېكىن، تەرەققىيات سۈرئىتىلا تەكىتلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلمىسە بولمايدۇ. ھەرقانچە يۇقىرى سۈرئەت بولغان بىلەن ئۈنۈم بولمىسا بىكار، ھەتتا ئىسراپچىلىق، زىيان كېلىپ چىقىدۇ. تېز راۋاجلاندۇرۇش ماھىيەتتە ئۈنۈمنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، بۇنىڭدا ئۈنۈم ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر، ئايرىم رايونلاردا بايلىق ۋە بازار ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلماي، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قارىغۇلارچە راۋاجلاندۇرىدىغان ئەھۋاللا خېلى ئېغىر، بەزى جايلار قۇرغان كارخانىلىرىنىڭ سانى جەھەتتە، سالغان مەبلىغى جەھەتتە بەسلىشىۋاتىدۇ، سۈرئەت ۋە مەھسۇلات قىممىتىنى قارىغۇلارچە قوغلىشىپ كېتىۋاتىدۇ ۋە بۇلارنى تەرەققىيات جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى ئۆلچەشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى قىلىۋېلىۋاتىدۇ، مەھسۇلات سۈپىتى، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى، مەھسۇلاتلارنىڭ بازاردا سېتىلىش ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە سەل قاراۋاتىدۇ. مۇنداق ھادىسىلەرنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەك. كارخانىلار، مەسئۇل تارماقلار بولسۇن ياكى يەرلىك پارتكوملار، خەلق ھۆكۈمەتلىرى بولسۇن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى، بىراقلا ئۆرلەپ، بىراقلا تۆۋەنلەپ كېتىشتىن ساقلىنىشى، مۇبالىغە قىلىش ۋە يالغان مەلۇم قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

(4) دائىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، راۋاجلاندۇرۇش يولىدا مېڭىش كېرەك. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىنى كىچىك بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ شەرقىي قىسىم رايونلىرىنىڭ يېزا- بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تەجرىبە - ساۋىقى. شەرقىي قىسىم رايونلىرى ئىلگىرى بۇ مەسىلىگە دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىدى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ھەممىلا

يەردە قۇرۇلۇپ كەتكەچكە، نۇرغۇن مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى، ھازىر، ئۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ قالدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى ۋە ئاساس مۇئەسسەسەلىرى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ناچار، شۇنىڭ ئۈچۈن ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، قەدەم تاشلاش باسقۇچىدىلا بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ھەممىلا يەردە قۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. يېزا-بازار كارخانىلىرىنى نىسپىي مەركەزلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇش، كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەھمىيىتى زور. مەسىلەن، ئېنېرگىيە مەنبەسىنى تېجەشكە، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشقا، يەر ئىگىلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى ئازايتىشقا پايدىلىق؛ مۇۋاپىق پىلانلاشقا، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا، ئومۇمىي جەمئىيەتنى يېتەكچىلىك قىلىشقا پايدىلىق؛ بازار قۇرۇلۇشىغا، مۇھىت ئاسراشقا ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە پايدىلىق؛ يېزىلاردىكى كىچىك بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، رايونلارنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە، نۇرغۇن جايلاردا يېزا - بازار كارخانىلىرى تېخى ئەمدىلا قەدەم تاشلىدى، ھازىر بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

(5) مەبلەغ يوللىرى ۋە سېلىنما سېلىش يۆنىلىشى مەسىلىسى توغرىسىدا. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشتا، ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن مەبلەغ ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى چوڭ مەسىلە. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي ئارقىدا، دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسى تۆۋەن، كوللېكتىپ جۇغلانمىسى ناھايىتى ئاز، بەزى جايلاردا كوللېكتىپ جۇغلانمىسى زادىلا يوق، پۈتۈنلەي دېھقانلارغا تايىنىپ قىلىنسا، شەك - شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. بۇ رېئال مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭدا يەنىلا كۆپ يول، كۆپ قاتلاملار بويىچە مەبلەغ توپلاشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىرىنچى، دۆلەت ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىنىڭ مەدىتى، ئۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن، ھامان قوشۇمچە دورىلىق رولىنى ئويناپ، بەزى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلالايدۇ. ھازىر، گەپ ئۇنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قالدى، بۇ ئازغىنە چەكلىك ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغىنى ھەقىقىي تۈردە نەقلەشتۈرۈش ئىشىنى گوۋۇيۈەن ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئورۇنلاشتۇردى. ئىككىنچى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مالىيە ۋە ئىناۋەتلىك قەرز جەمئىيەتتىن بېرىلىدىغان مەدەتنى مۇناسىپ كۈچەيتىشى كېرەك. مالىيە جەمئىيەتتىن بېرىلىدىغان مەدەت ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ، لېكىن، ئىناۋەتلىك قەرز جەمئىيەتتىن مەدەت بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش - قىلماسلىقتا. ھازىر، بەزى جايلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى، بەزى جايلارنىڭ ھەرىكىتى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئۈچىنچى، كارخانىلارنىڭ جۇغلانما توپلىشىغا، دېھقانلار ۋە كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەبلەغ توپلىشىغا تايىنىش، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى ياكى پاي تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى قانات يايدۇرۇش. بۇ مەبلەغنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كېلىش يولى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. كۆپ يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاش، سېلىنمىنى كۆپەيتىش مەبلەغ مەسىلىسىنىڭلا بىر تەرىپى، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى چەكلىك مەبلەغنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلىتىش، ئۇ مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، يەنە مەبلەغنىڭ يۆنىلىش مەسىلىسى. ئازراق مەبلەغنى توپلاشمۇ ئىنتايىن تەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەبلەغ ئىشلىتىلىدىغان تۈرلەرنى چوقۇم توغرا ۋە ياخشى تاللاپ، چەكلىك مەبلەغنى باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى، پەن - تېخنىكا مىقدارى يۇقىرى، بازار ئېھتىياجى چوڭ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى تۈرلەرگە ئىشلىتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مەبلەغنى ئىشلىتىش جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا، تەرەققىيات مەبلىغى توپلاشقا تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

(ئاپتور: گوۋۇيۈەن تەتقىقات ئىشخانىسىدا)

(ئىمىن ھەسەن. ت)

تەھرىرى: خەمىت نېغمەت

# مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك

فاڭ خېچۈن

كۆپچىلىككە ئايان، ئۆتكەنكى بىر يىلدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى. چۈنكى، بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدا، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە مۇقەررەر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەنىۋى تۈرتكە ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىنلەيدىغان قىلغىلى، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى.

ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ. مەركەزنىڭ ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇشنى، ئىككىلا قولدا قاتتىق تۇتۇشنى ئىزچىل تۈردە تەكىتلىشىدىكى سەۋەبمۇ مانا مۇشۇ يەردە. مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تۈرلۈك مەزمۇنى بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى دەۋرى قىلىشنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇپ، ئۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ھەقىقىي تۈردە خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

مىللىي مەدەنىيەتنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بار. ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىقلا بولىدىكەن، بىز چوقۇم ئۇنى تەشەببۇس قىلىشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. دەرۋەقە، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە بەلگىلىك مىقداردىكى سېلىنما ۋە زور كۈچ سەرپ قىلىنىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە، «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، كىشىلەرنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت بازىلىرىنى كېڭەيتىپ، مەدەنىيەت ئاساس ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ ۋە تولۇقلاپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى زامانىۋى ۋاستە ۋە پائالىيەت كۈچىگە ئىگە قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىگە دىققەت قىلىش كېرەك، ئاممىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەم ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەتلىك، ساغلام مەدەنىي تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.

مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، «ماس قەدەم ئېڭى» بىلەن «ئالدىن كۆرۈش ئېڭى» بولۇشى كېرەك. «ماس قەدەم ئېڭى» دېگىنىمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر

رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتلىرىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى تەجرىبىلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەم قىلىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. «ئالدىن كۆرۈش ئېڭى» دېگىنىمىز، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراش ۋە يېڭى ستراتېگىيىلەرنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، تۇرلۇك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۈچىنچىدىن، قانۇنىي تۈزۈمنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنىي تۈزۈملەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ قانۇنىي تۈزۈم كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي قانۇنچىلىق سىستېمىسىنى ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. تۆتىنچىدىن، تەشۋىقات دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك. مىللىي تەشۋىقات ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا يۈزلىنىپ قالماي، يەنە خەنزۇلار ۋە خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغىمۇ يۈزلىنىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقە، چۈشىنىش ۋە دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چەت ئەللەرگىمۇ يۈزلىنىپ، ئۇلارغا پارتىيىمىز ئىزچىل تۈردە تەشەببۇس قىلىۋاتقان ۋە ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇۋاتقان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي سىياسەتنى بىلدۈرۈش كېرەك.

قىسقىسى، مەيلى مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى بولسۇن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەندە، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەت- تەشۋىقات مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى)

(خەمىت نېغمەت.ت) تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى

## ھېكمەت دۇنياسى

ئادەمنىڭ ھاياتى بىر تال قىسقا شام ئەمەس، بەلكى بىز ۋاقىتىنچە كۆتۈرۈۋالغان مەشئەلدۇر. بىز ئۇنى چوقۇم ياندۇرۇپ پارلاق نۇر چاچقۇزغاندىن كېيىن، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك.

– گېئورگىي بېرناردشاۋ

ھاياتلىق ۋاقىت بىلەن ھېسابلىنىدۇ، ھاياتنىڭ قىممىتى تۆھپە بىلەن ھېسابلىنىدۇ. ماددىي سەرپىياتتىن شادخۇراملىق ئىزلەش كىشىلىك ھاياتتىكى ھەقىقىي پاجىئەدۇر.

– پىتوفى

تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن ئادەملا، ئاسانلىقچە ئۆلۈپ كەتمەيدۇ. ئەقەللىيسى ئازراق پۇرسەت بولسىلا، تۇرمۇشتىن ۋاز كەچمەيدۇ.

– بېنگېروۋ

تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئېغىر سىلىق خىزمەت ئەمەس، بەلكى زېرىكىشتۇر.

– رومان روللاند

ھەقىقىي تەربىيە كۆرگەن كىشىلەردىن بولۇش ئۈچۈن، كەڭ بىلىم، تەپەككۇر قىلىش ئادىتى ۋە ئالىيجاناپ مىجەزدىن ئىبارەت ئۈچ پەزىلەتنى ھازىرلاش لازىم. بىلىملىك بولمىسا نادان بولىدۇ؛ پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنمىسە قارام ۋە دۆت بولىدۇ؛ ئالىيجاناپ مىجەز بولمىساپەسكەش بولىدۇ.

– چېرنىشېۋىسكىي

ئادەم سۆزلىيەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. لېكىن سۆزنى توغرا قىلمىسا يىرتقۇچ ھايۋان سەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

– سادى

ۋاقىت ئەڭ ئادىل ، ئەقىلغە مۇۋاپىقتۇر، ئۇ ھېچكىمگە بىر مىنۇتنى ئارتۇق بەرمەيدۇ، ئىشچانلار ۋاقىتتىن نۇرغۇن مېۋە ئالالايدۇ، ۋاقىت ھورۇنلارنى ئاق چاچ بىلەن قۇرۇق قول قالدۇرىدۇ.

– گوركىي

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** كەڭ زېمىنغا باھار كەلدى، پۈتكۈل كائىنات يېڭى تۈس ئالدى. مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر مۇقەددەس زېمىنىمىزغا كەڭ تارقالدى. بۇ، مىللەتلەر مائارىپى ئىشلىرىدىكى بىر كاتتا ئىش، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىدىكى بىر خۇشاللىنارلىق ئىش. ژۇرنىلىمىز بۇ ماقالىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، بۇ خۇشاللىقنى ئورتاق تەبرىكلەيدۇ.

بىز مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز نامىغا مۇناسىپ ئىشلارنى قىلىپ، مەكتەپنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، يېڭى سەھىپىلەرنى يېزىپ چىقىشىغا چىن دىلىمىزدىن تىلەكداشمىز.




# باھاردىكى خۇش خەۋەر:
# مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدە

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇخبىرى **جياڭ لىڭ**

1993-يىل 11-ئاينىڭ 30-كۈنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدىن ئىبارەت 40 نەچچە يىللىق شانلىق تارىخقا ئىگە بۇ مەكتەپ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە دەۋر ھالقىغان بىر قەدەمنى باستى: دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئۇنىڭ نامى رەسمىي بۇ سورۇندا مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1994-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى، باش شۇجى جياڭ زېمىن مەكتەپ ئىسمىنى يېزىپ بەردى.

3-ئاينىڭ 20-كۈنى، مەزكۇر داشۆدە داغدۇغىلىق ۋىۋىسكا ئالماشتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق كىشىلەر مۇراسىمغا قاتناشتى.

نامى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىدە پەيدىنپەي تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى شۆيۈەنى، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە قانۇن پەنلىرى شۆيۈەنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل شۆيۈەنى، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، ئاسپىرانتلار ئاكادېمىيىسى، سەنئەت شۆيۈەنى، باشقۇرغۇچى كادىرلار شۆيۈەنى ۋە ئىقتىساد شۆيۈەنىدىن ئىبارەت سەككىز شۆيۈەن تەسىس قىلىنىپ، داشۆ، شۆيۈەن ۋە فاكۇلتېتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ.

مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ نامىنى مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىگە ئۆزگەرتىش — پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى، شۇنداقلا نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەزكۇر مەكتەپتىكى چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش ئالدىدا تۇرغان پروفېسسورى چېن سۈيلىيەن ھاياجانلانغان ھالدا: «مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا، نۇرغۇن ئاز سانلىق

مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بۇ مەكتەپنىڭ مىللەتلەر داشۆسىگە ئۆزگەرتىلىشىنى ئۈمىد قىلىشقان ئىدى، نۇرغۇن يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، بۇ ئارزۇ ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى» دېدى.

مەكتەپنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. شىزاڭ، شىنجاڭ ۋە گۇاڭشى ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ رەئىسلىرى بىردەك: مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتىمىز ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ نامىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى بىزنىڭ شان-شەرىپىمىز، شۇنداقلا بىزنىڭ ئۈمىدىمىز دېيىشتى.

مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىنىڭ مۇدىرى خاجىگشيۈڭ مۇنداق دېدى: «ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىنكاسى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى مەكتەپ نامىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ناھايىتى چوڭ ئىش، دەپ قارىدى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى مەكتەپنىڭ ۋە مىللىي مائارىپنىڭ دائىرىسىدىن كۆپ ھالقىپ كەتتى.»

مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى جۇمھۇرىيىتىمىز بىلەن بىرگە ئۆسۈپ يېتىلىپ، زورىيىپ كەلدى. ئۇنىڭغا رەئىس ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ مىللىي مائارىپقا بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇقى مۇجەسسەملەشكەن.

مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ تارىخىنى 1941-يىل 9-ئايدا قۇرۇلغان يەنئەن مىللەتلەر شۆيۈەنىگىچە سوزۇشقا بولىدۇ. 1949-يىلى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى ئىشلار يەنە يېڭىباشتىن باشلاندى. 1950-يىلنىڭ بېشىدا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى ۋېيخەن زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك شۆبىلىرىنى ئېچىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇ يىلى 6-ئايدا، مەركەز يولداش ۋۇلەنفۇنى يۇمىنجاڭلىققا، يولداش ليۇگېپىڭنى مۇئاۋىن يۇەنجاڭلىققا تەيىنلەپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنئەن مىللەتلەر شۆيۈەنىدە ئىشلىگەن ليۇچۈن، زوڭچۈن قاتارلىق بەزى پېشقەدەم يولداشلارنى ئاجرىتىپ، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىگە تەييارلىق كۆرۈش بەنزىسىنى تەشكىللىدى. 1950-يىل 11-ئاينىڭ 24-كۈنى، جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چاقىرىلغان جېڭۋۇيۈەنىنىڭ 60-سانلىق يىغىنىدا «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ سىناق لايىھىسى» ۋە «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈشنىڭ سىناق لايىھىسى» تەستىقلاندى. 1951-يىل 6-ئاينىڭ 11-كۈنى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدە داغدۇغىلىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇدې، لى جىشىن، جېڭۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى دوڭ بىۋۇ قاتارلىق كىشىلەر مۇراسىمغا قاتناشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ياكى خىزمەت تەكشۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن يا بولمىسا چەت ئەللىك مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ مەزكۇر مەكتەپكە كۆپ قېتىم كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بولغىنى، 1956-يىل 5-ئاينىڭ 26-كۈنى قەدىردان جۇئېنلەي زۇڭلى بۇ مەكتەپكە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى، شۇ قېتىمدا، ئۇ مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈستىدە مۇھىم يوليورۇق بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە مەكتەپنىڭ بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆزدىن كەچۈرۈشى پۈتۈن مەكتەپتىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مەكتەپ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى جىنچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 1966-يىلىدىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قەدەر ماۋزېدۇڭ، ليۇشاۋچى، جۇدې، جۇئېنلەي ۋە دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پارتىيە ھەم دۆلەت رەھبەرلىرى مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنى 14 قېتىم قوبۇل قىلغان. لى جىنچىنىڭ ئېيتىشىچە، يۇقىرىقى قوبۇل قىلىشلارغا مۇيەسسەر بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئەينى ۋاقىتتىكى تەسىرلىك مەنزىرىنى تېخى تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا ئېسىدە ساقلاپ ھاياجانلىنىپ كەلمەكتە، بۇ قوبۇل قىلىشلار نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۇلارغا ئىلھام، تۈرتكە بولماقتا، ئۇلارنىڭ ھايات سەپىرىدە كۈچ مەنبەسى بولماقتا.

مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى نەچچە ئون يىللىق تەرەققىيات داۋامىدا، مىللەتشۇناسلىق، مىللەت تارىخى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئۈچ پەن

جەمئىيەتتە ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىدى، بۇ پەنلەر يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە پەنلەر بولۇپ، بۇ نۇقتىنى دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغان 43 يىلدىن بېرى، ھەر خىل تۈردىكى ئىختىساسلىق خادىملاردىن 30 نەچچە مىڭنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مەكتەپتە دوكتورلۇق نۇقتىسى تەسىس قىلىندى. 1992-يىلى، بۇ مەكتەپ بىر نەپەر دوكتور (يىزۇ مىللىتىدىن بولغان ئايال دوكتور)نى تەربىيىلەپ چىقتى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەزكۇر مەكتەپ نوقۇل ھالدىكى ئىجتىمائىي پەن مەكتىپىدىن تەرەققىي قىلىپ، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، ئىقتىساد پەنلىرى، باشقۇرۇش پەنلىرى ۋە سەنئەت قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال مىللەتلەر داشۆسىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 56 مىللەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئايلاندى. ھازىر پۈتۈن مەكتەپتە 3700 نەپەر ئوقۇغۇچى (كەچلىك داشۆدە ئوقۇۋاتقانلار، سىرتتىن ئوقۇۋاتقانلار ۋە باشقا جايلاردىكى ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىدا ئوقۇۋاتقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، 116 نەپەر پروفېسسور، 460 نەپەر دوتسېنت، ئۈچ دوكتورلۇق نۇقتىسى، 12 ماگىستىرلىق نۇقتىسى بار.

مەكتەپنىڭ نامىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە ھەم مىللىي مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكى ۋە جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر مەھەل مەكتەپ ئىستىلى دۇرۇس بولماي، ئىنتىزام جەھەتتە تارقاقلىق، چېچىلاڭغۇلۇق كۆرۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىپ، مەكتەپنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكەن ئىدى. 1992-يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسى مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، ئىككى يىلغا يېقىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىش نەتىجىسىدە، مەكتەپ ئىستىلى، ئوقۇتۇش سۈپىتى، كەسىپلەرنى تەڭشەش، مەدەنىيەتلىك مەكتەپ قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەكتەپ پارتكومىنىڭ شۇجىسى جۇشىگيەن، مەكتەپ مۇدىرى خاجىگشيولار مۇخبىرغا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ كېلىپ: سىنىپ مەسئۇللىرىمىز ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنماي ئىشلەيدۇ، ئۇلار ئارتۇق ئىشلىگەن ۋاقتىغا ھەق ئالمايدۇ. رەھبەرلەر باشلامچى بولىدۇ، مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسىدا ھەممە ئىشلارنى تۆت ئادەم ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدۇ، بۇ ئىشخانا يەنە مەجلىسخانا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىشخانىلار بىكارلىنىپ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلدى. تېخى يېقىندىلا يېڭى ئىشخانىلارغا كۆچۈپ كىردۇق. كۆپچىلىك پائال تۈردە شارائىت يارىتىپ، تىرىشىپ داشۆ ئۆلچىمىگە يېتىشىمىز لازىم، دەپ قارىماقتا، دېدى.

بۇ ئىككى رەھبەر نامى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: بىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىمىز ـ بۇ قېتىمقى مەكتەپنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پۈتكۈل مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، بۇ قېتىمقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەكتەپنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىمىز، بۇنىڭ پرىنسىپى ـ ئىخچاملاش، مەركەزلەشتۈرۈش، خىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىخچاملاش دېگىنىمىز، بىر قىسىم خادىملارنى ئايرىپ چىقىپ باشقا ئىشلارغا سېلىش دېگەنلىكتۇر. مەركەزلەشتۈرۈش دېگىنىمىز، پۈتكۈل مەكتەپنىڭ تەسىر كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتى ئىشلىرىنى ئۈگۈشلۈق قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئوخشاش ئىش تۈرلىرى، ئوخشاش كەسىپلەرنى شۆبىمۇ، فاكۇلتېتلار بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش كۈچىنى كۈچەيتىش دېگەنلىكتۇر. خىللاشتۇرۇش دېگىنىمىز، تۈرلەرگە ئايرىغاندىن كېيىن ماس كەلمەيدىغان خادىملارنى ئايرىۋېتىش دېگەنلىكتۇر. بۇنداقتا، پەرىزىمچە، 3/ 1ـ4/ 1 خادىم سەپكە قايتىشى ۋە باشقا ئىشلارغا سېلىنىشى مۇمكىن. خادىملار تەسىر كۈچى پرىنسىپى بويىچە ماسلاشتۇرۇلۇپ، شتاتى ۋە ئىش ئورنى بېكىتىلىدۇ. ئىش ھەققى جەھەتتىمۇ پەرق كەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ قېتىمقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەنلەر، كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە تەسىس قىلىش ئىشىنى

كۆچەيتىمىز. مەكتەپنىڭ «ئىككى يىللىق پىلانى» ۋە «تۆت يىللىق پىلانى» بار. «ئىككى يىللىق پىلان» بويىچە، ئىككى يىل ئىچىدە، ماگىستىرلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئوقۇشنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ، دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىردىن ئىككىسى كۆپەيتىلىدۇ، نەشرىيات ئىشلىرى ئۈچۈن بۇ يىل 200 مىڭ يۈەن، كېلەر يىلى 300 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىلىدۇ. كەسپلەر قۇرۇلمىسى جەھەتتە، ئاخبارات فاكۇلتېتى تەسىس قىلىنىدۇ، بىئولوگىيە فاكۇلتېتى بىلەن خىمىيە فاكۇلتېتى ئايرىۋېتىلىدۇ، مىللىي رايونلار ئېھتىياجلىق بولغان بەزى فاكۇلتېت ۋە كەسپلەر كۆچەيتىلىدۇ، «تۆت يىللىق پىلان»دا، ماگىستىرلىق ئوقۇشى 20 گە، دوكتورلۇق ئوقۇشى سەككىزدىن ئونغا يەتكۈزۈلىدۇ. چاۋشيەن، موڭغۇل، قازاق تىللىرى دۆلەت ماقۇللىغان تىللار بولغاچقا، مەكتىپىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۈچى باشقا داشۆلەردىن قېلىشمايدۇ. شۇڭا، بۇ تىللاردا ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا ئېرىشىش بىر قەدەر ئوڭاي، ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مەكتەپ 40 ياشتىن تۆۋەن ئوقۇتقۇچىلاردىن خىزمەت ئۈستىدە ئاسپىرانتلىق دەرس تۈرلىرىنى ئۆگىنىپ بولۇشنى، ئالتە يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ 80 پىرسەنتى ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىنى قولغا كەلتۈرۈشنى، بىر قىسمىنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىزمەتنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولدى.

بۇلاردىن تاشقىرى، مەكتەپ يەنە ھېسابلاش ماشىنىسى، چەت ئەل تىلى، خەنزۇ تىلى يېزىقچىلىقى، قانۇن، ئىقتىساد قاتارلىق يەتتە كەسپ بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش تۈرلىرىنى تەسىس قىلىشنى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي بىلىم قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1994 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ «كەڭ ئاساسقا ئىگە» ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇپ، 1 ـ، 2 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كەسىپ ئايرىماسلىقنى؛ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى جەھەتتە، مىللەتشۇناسلىقتا دائىر پەنلەردىكى كونىراپ كەتكەن، تەكرارلىنىدىغان، ئادەمگە قاراپ تەسىس قىلىنىدىغان ئۈچتىن بىر قىسىم مەزمۇننى چىقىرىۋېتىپ، ئۈچتىن بىر قىسىم يېڭى دەرسلەرنى قوشۇشنى قارار قىلدى.

ئوقۇشىمىزچە، نامى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى مىللەتلەر داشۆسى تېخىمۇ چوڭ يەنە بىر پۇرسەتكە ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋېتىپتۇ. دۆلەت 21 ـ ئەسىردە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ئالىي مەكتەپتىكى 100 نوقتىلىق پەنگە زور كۈچ بىلەن مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلدى، بۇ «211 قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ھەر بىر مىنىستىرلىك، كومىتېت 1 ـ، 2 ـ سانىنىلا ئىگىلىيەلەيدۇ. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىنى ئاشۇ سانىنى قولغا كەلتۈرىدىغان بىردىنبىر مەكتەپ قىلىپ بېكىتتى. ھازىر، مەملىكىتىمىزدىكى نوقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن شۇ سالاھىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن دەلىللەش ماتېرىياللىرىنى جىددىي تەييارلاپ، قاتارغا ئۆتۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنى ھەمدە جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق گۈللىنىش، ئورتاق ئالغا بېسىشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلاردا بارغانسېرى چوڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تىلەيمىز.

**(قۇربان ياسىن. ت)** **مەسئۇل تەھرىرى: ئىدرىس بارات**

# تاموژنا ـ سودا باش كېلىشىمگە قاتناشقاندىن كېيىن...

**ئىمىن قارى قېيۇم**

**1**. مەملىكىتىمىزنىڭ چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى سانائىتىگە بولغان زەربە بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ. بولۇپمۇ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى كەسپى، ئالايلۇق، رەڭلىك تېلېۋىزور، كىر ئالغۇ، توڭلاتقۇ، ھاۋا تەڭشىگۈچ، تېلېفون ئاپپاراتى، فوتو ئاپپارات، ئاۋاز ئۈسكۈنىلىرى ۋە ھەر خىل كىچىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىقلارغا بولغان زەربە چوڭراق بولىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ بۇ خىل سانائەت ئاساسى ئاجىز، تەرەققىيات تارىخى قىسقا بولغاچقا، ئاساسەن يۇقىرى تاموژنا بېجى ئېلىش، ئىمپورت قىلىنىدىغان سانىنى چەكلەش ۋە تاشقى پېرېۋوتنى كونترول قىلىشقا ئوخشاش ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ قوغداپ كەلگەنىدى. ئەمدى بۇ قوغدىنىش تەدبىرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھامان يۇقىرىدا ئېيتىلغان كەسپلەر كەسكىن بازار رىقابىتىگە دۇچ كېلىدۇ. بەزى كارخانىلار چەت ئەلدىن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە تېخنىكا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن سۈپەت، تېخنىكا، پاسون جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى، ھەتتا ئوراش ـ قاچىلاش، بېزەش جەھەتتە بولسۇن، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

2. مەملىكىتىمىزنىڭ خىمىيە ۋە تېبىبىي دورا سانائىتى قاتارلىقلارغىمۇ بىر قەدەر چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ بۇ سانائەتلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك، مەھسۇلات مىقدارى ئازراق، لېكىن باھاسى خەلقئارا بازارنىڭكىدىن خېلى يۇقىرى. رىقابەت كۈچى ئاجىز، چەت ئەل مەھسۇلاتلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراش بىلەنلا، پۈتۈن كەسىپ بويىچە زىيان تارتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

3. مۇلازىمەت كەسپى ئالايلۇق ترانسپورت، پۇل مۇئامىلىسى، ئالاقە ۋە ساياھەت قاتارلىق كەسپلەردە چەت ئەل تەرەپنىڭ باشقۇرۇشىغا يول قويۇلىدىغان بولغاچقا تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

4. يېزا ئىگىلىك، كىيىم ـ كېچەك كەسپى كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كېلىدۇ. بۇ كەسپلەر مەملىكىتىمىزدە كۈچلۈك سانائەتلەر قاتارىدا تۇرسىمۇ، ئىچكى بازاردا خوجايىنلىق ئورنىنى، تاشقى بازاردا خېلى چوڭ ئۈلۈشنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن بۇ يۇقىرى ئىمپورت تاموژنا بېجى ئارقىلىق قوغداپ ۋە ئېكسپورت نورمىسى ئارقىلىق قوللاپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان. ئەگەر بۇ قوغداش ۋە قوللاشتىن مەھرۇم بولىدىغان بولسا، بازار تېخىمۇ كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كېلىدۇ.

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى



# ئۆزبېك مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى

قادىر ئەكبەر

هازىرقى زامان مىللەتلىرى ئىچىدە ئۆزبېك نامى بىلەن ئاتالغان خەلق ئالاھىدە بىر مىللىي ئېتنىك كاتېگورىيە بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئومۇمىي ئاھالىسى تەخمىنەن 25 مىليونغا يېتىدۇ.

ئۆزبېكلەر هازىرقى ۋاقىتتا ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق دۆلەتلەردە (ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق مەملىكەتلەردە)، جۇڭگودا ۋە ئافغانىستاندا ياشايدۇ، ئاساسلىق مەركەزلەشكەن تېررىتورىيىسى ئۆزبېكىستاندۇر (ئاھالىسى تەخمىنەن 20 مىليون). هازىرقى زامان ئۆزبېك مىللىتى ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋارائۇننەهر، خوراسان، زەرەپشان، خارەزم ۋە يەتتەسۇ قاتارلىق جايلاردا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن يەرلىك ئاھالىدىن كېلىپ چىققان تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەت. ئۇلارنىڭ تۈركىي تەركىبى مىلادى 1-، 2- ئەسىردىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان، مىلادى 14-، 16- ئەسىرلەرگىچە «ئۆزبېك» دەپ ئاتالمىغان. گەرچە بۇ مىللەتنىڭ خەلق ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ، «ئۆزبېك» دەپ ئاتالغان تارىخى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، ئۇلار قەدىمدە تۈركىي خەلقلەر تايىپىسىگە كىرگىنى كۆپىنچە هالدا «تۈركلەر» دەپ، بەزىدە ئۆزى ياشىغان جاينىڭ نامى بىلەن «پەرغانىلىقلار»، «ئەنجانلىقلار»، «سەمەرقەندلىكلەر» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

ئەسىرلەر مابەينىدە هەر خىل قەبىلە، خەلق ۋە تايپىلاردىن ئىبارەت ئېتنىك قاتلامنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇيۇشۇپ، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى، بىر خىل ئېتنىك خۇسۇسىيەت هەمدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي بىرلىككە كېلىشى، تىل ۋە ئۆزىگە خاس ئۆرپ- ئادەتلەرنىڭ ئومۇملىشىشى داۋامىدا ئۆزبېك دېگەن ئېتنونىم (مىللىي ئىسىم) بۇ مىللەتنىڭ نامى بولۇپ قالغان. خوش، ئۇنداق بولسا، «ئۆزبېك» دېگەن سۆز قايەردىن كەلگەن ۋە قانداق كېلىپ چىققان؟



## «ئۆزبېك» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

«ئۆزبېك» دېگەن بۇ ئىسىم ئەسلىدە ئاسىيانىڭ «دەشتى قىپچاق» دېيىلگەن جايىدا ياشاپ كەلگەن كۆپلىگەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى. بەزى تارىخچىلار «ئۆزبېك» دەشتى قىپچاقتىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى دېيىشىدۇ. 14 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن شەرقىي دەشتى قىپچاق «ئۆزبېكلەر مەملىكىتى» دەپ، ئۇنىڭ ئاھالىسى بولسا «ئۆزبېكلەر» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. ئەينى دەۋردىكى بۇ «كۆچمەن ئۆزبېكلەر دۆلىتى» تەۋەسىدە ياشايدىغان ئارلات،بەھرىن، بۇركۇت، دۇرمان، ئىجان، قارلۇق، ئۇيغۇر، ماجار، قىتان، قىپچاق، قىيات قاتارلىق قەبىلىلەر ئومۇمىي بىر نام بىلەن «ئۆزبېكلەر» دەپ ئاتالغان.

جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىدە «ئۆزبېك» دېگەن ئىسىم 14ـ ئەسىردە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. جۇڭگو تارىخچىلىرى «ئالتۇن ئوردا» («جىنجاڭ خەنگو») بىلەن بولغان ئالاقىلەر ھەققىدىكى ماتېرىياللاردا بۇ يەردىكى خەلقلەرنى (ۋۇسبو) دەپ ئاتىغان.

شىنجاڭدا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە «ئۆزبېك» سۆزى قوللىنىلمىغان. شىنجاڭدا كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۆزبېك خەلقى كۆپ ھاللاردا «ئەنجانلىق» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ۋە ئۇلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارمۇ «ئەنجان مەھەللىسى»، «ئەنجان كوچىسى»، «ئەنجان كۆلبېشى» دەپ ئاتالغان. ئۆزبېكلەرگە خاس بۇيۇملارمۇ «ئەنجان» نامى بىلەن يۇرگۈزۈلگەن، مەسىلەن: «ئەنجان تېمى»، «ئەنجان تونۇرى»، «ئەنجان مەسچىتى» دېگەندەك ...

ھازىرقى زامان ئۆزبېك مىللىتىنىڭ تارىخى «ئۆزبېك» نامىنىڭ ئۆزلىشىش تارىخىدىن ناھايىتى ئۇزۇن. بۇ مىللەت «ئۆزبېك» نامىنى ئېلىشتىن كۆپ ئەسىرلەر ئاۋۋال ـ مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللاردىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى خەلقلەردىن تارالغان. ئۇلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخى ، مىلادى 2 ـ ئەسىردىن باشلىنىدۇ. ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا يارىتىلغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرىدۇر.

## جۇڭگودىكى ئۆزبېكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى

جۇڭگو، جۈملىدىن شىنجاڭ ـ ئۆزبېكلەرنىڭ كۆپ ئەسىردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ماكانلىرىنىڭ بىرى. ئاسىيانىڭ مەركىزىي قىسمى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋارائۇننەھر ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق تارىخىي مۇناسىۋەت، كۆپ قېتىم تەكرارلانغان ئاھالىۋى كۆچۈش، شىنجاڭدىكى ئۇرۇق ـ ئايماق، قەبىلىلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ـ ماۋارەئۇننەھرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ھەر خىل تارىخى مەنبەلەردە كۆپلىگەن خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇ خاتىرىلەر ئاساسىدا، ئۆزبېكلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان ماۋارەئۇننەھر ۋە پەرغانىلىقلارنىڭ بۇنىڭدىن 1000 ـ 2000 يىللار ئاۋۋالمۇ بۇ تېررىتورىيىدە ياشاپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز.

## جايلىشىش ئەھۋالى

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئاھالىسىنى بىر نەچچە نۆۋەت رويخەتكە ئالدى. شۇ قاتاردا ئۆزبېكلەر مەملىكىتىمىزدە ياشىغۇچى بىر مىللەت سۈپىتىدە قايتا ـ قايتا رەسمىي تىزىملاندى، 1950 ـ يىلى 1955 ـ يىللىرىدا ئېلىنغان نوپۇسى رويخېتىدە ئۆزبېك ئاھالىسىنىڭ نوپۇس سانى 10 مىڭدىن يۇقىرى، 15 مىڭدىن كەم ئارىلىقىدا بولغان.

1982 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇلدا پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە ئاھالە نوپۇسى 3 ـ قېتىم، 1990 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇلدا 4 ـ قېتىم ئومۇميۈزلۈك رويخەتكە ئېلىندى. 1983 ـ يىلى مارت ئېيىدا ۋە 1990 ـ يىلى ئىيۇلدا ھەر قايسى مىللەتلەر نوپۇسى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رەسمىي ئېلان قىلىندى. ئەنە شۇ ستاتىستىكىدا ئۆزبېكلەرنىڭ نوپۇسى تارقىلىشى تۆۋەندىكىچە بولغان:

ئۆزبېكلەر (شىنجاڭدا) 1982 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇلغىچە 12 مىڭ 431. 1990 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇلدا ئېلىپ بېرىلغان 4 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تىزىملاشتا ئۆزبېكلەرنىڭ سانى 14 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، 1982 ـ يىلدىكىدىن 2000 غا يېقىن كۆپەيگەن.

## ئۆزبېكلەردە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت

1) دىن ئېتىقادى

ئۆزبېك خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ «سۈننى» مەزھىپىگە كىرىدۇ.

تارىخىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۆزبېكلەر ئىسلام دىنىنى مىلادى 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋارە ئۇننەھرىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىگە مەنسۇپ بولغان خەلقلەر يەنە ئۆزبېكلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى زەردۇشت دىنىي، مانى دىنىي ۋە شامان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. مىلادى 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن بۇ دىنلارنىڭ رولى يوقالدى، ئەمما بۇ دىنلار ياراتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

2) ئائىلە ـ نىكاھ

ئۆزبېكلەردە ئائىلە ـ مۇقەددەس ئىجتىمائىي بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئاتا ــ ئائىلىنىڭ باشلىقى بولۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ۋە جەمئىيەتتە بىرەر مەۋقەگە ئىگە بولۇشىغا، ئائىلە قۇرۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئوغۇلنى ئۆيلەيدۇ، قىزنى ياتلىق قىلىدۇ. بۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئورۇنداشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى دەپ قارىلىدۇ.

باللار ئاتا ـ ئانىلارغا ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ، كىچىكلەر چوڭلارغا ئىتائەت قىلىدۇ.

ئۆزبېك ئائىلىلىرىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى يەنە كىچىكلەرنىڭ چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشى، ئىتائەت قىلىشى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا ھۆرمەت قىلىشى بويسۇنۇشى ئەڭ ئاساسلىق ئەخلاق ئۆلچىمى دەپ قارىلىدۇ.

ئۆزبېكلەردە ئاساسەن بىر نىكاھلىق تۈزۈم داۋاملىشىپ كەلگەن. لېكىن، ئىسلام دىنى قانۇنىنىڭ يول قويۇشى ۋە ئۆزبېكلەردىكى ئايرىم ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن قوش نىكاھلىق بولۇش (كىچىك خوتۇن ئېلىش) ئادىتىمۇ ساقلانغان.

فېئوداللىق جەمئىيەتتە نىكاھ ئەركىنلىكى يوق ئىدى. بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ نىكاھلىنىش ھوقۇقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىختىيارىدا بولاتتى، ئادەتتە ئوغۇل 16 ياشقا، قىز 15 ياشقا تولغاندىلا ئۆيلەندۇرۈلەتتى، ياتلىق قىلىناتتى. بۇ خىل فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ئازادلىقتىن كېيىن ئاساسەن تۈگىدى.

شىنجاڭ ئۆزبېكلىرىدە ھازىرقى ۋاقىتتا نىكاھ ئەركىنلىكى ـ ئوغۇل ـ قىزنىڭ ئۆزى لايىق تاللاش ئىختىيارىيلىق پرىنسىپى بولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ ئىختىيار قىلىشى ئۆز ئارا بىرلەشكەن. قىز ـ يىگىت پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە «ساۋچى» (ئەلچى)



ئەۋەتىپ، قارشى تەرەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىكى نىكاھلانغۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلار تولۇق پۈتۈشكەندىلا توي باشلىنىدۇ.

تـوي مەرىكىسى ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ؛ 1 ـ كۈنى قىز تەرەپتە نىكاھ مۇراسىمى (توي) ئۆتكۈزۈلىدۇ. 2 ـ كۈنى ئوغۇل تەرەپ قىزتەرەپنى تەكلىپ قىلىپ جاۋابەن مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ ـ «چىللاش» دەپ ئاتىلىدۇ. 3 ـ كۈنى ئوغۇل تەرەپ يېڭى كېلىننى ئېلىپ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تەرەپكە سالامغا بارىدۇ. قىز تەرەپ بۇنىمۇ بىر مەرىكە تۈسىدە ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ـ «يۈز ئاچقا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، توي كۈنى يەنە ھەر خىل مەرىكە قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار، مەسىلەن: قىزنى يۆتكەش ۋاقتىدا ئوتتىن ئايلاندۇرۇش، يار ـ يار ئېيتىش، «سېپ يايىش » ۋە باشقىلار.

توي مەرىكىسى بولۇۋاتقان كۈنى، نىكاھتىن كېيىن قىزنى يۆتكەش ۋاقتىدا قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ بىر ـ بىرىگە جاۋابەن يار ـ يار ئېيتىشىدۇ. بۇ گويا ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىنى تونۇشتۇرۇشى، مەنىۋى جەھەتتىن بەسلىشىشكە ئوخشايدۇ. مەسىلەن، قىز تەرەپ قىزنىڭ خىسلەتلىرى، نازاكىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى ماختايدۇ. ئوغۇل تەرەپ بولسا يىگىتنى مەدھىيلەپ، ئۇنىڭ ھەممە پەزىلەتلىرى بىلەن ماھارىتىنى بېيىت ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ـ ئۆزبېك تويلىرىدا ناھايىتى قەدىمدىن باشلاپ داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي ئەنئەنە، ئۆزبېك توي يار ـ يارلىرى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئاجايىپ پۈتمەس بۇلىقىدۇر.

تـوي بـولۇشنىڭ ئالدىدا، ھەر ئىككى تەرەپ پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، قىز تەرەپ يېڭى ئۆيگە كېرەكلىك بولغان بىسـاتلارنى مەسىلەن، ساندۇق، ئورۇن ـ كۆرپە، پەردە ۋە باشقىلارنى تەييارلايدۇ ھەمدە قىزنىڭ ھۇجرىسى ئۈچۈن مەخسۇس «سۆزمنە» (كەشتە تىكىلگەن تام پەردە) تەييارلايدۇ. سۆزمنە ـ ئۆزبېك توي مۇراسىملىرىنىڭ ۋە يېڭى تىكلەنگەن ياش ئائىلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بېزەك سىمۋولىدۇر.

سۆزمنە كەشتىچى قىزلار كوللېكتىپى تەرىپىدىن مەخسۇس ئىشلىنىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ، دۇخاۋا، مەخمەل، شايى ۋە باشقا يىپەك ـ يىپ رەختلەرگە ئەلا گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى ياكى گۈل، قۇش سۈرىتى يىپەك يىپلار بىلەن كەشتە قىلىپ چۈشۈرۈلىدۇ. سۆزمنە پۈتكەندىن كېيىن قىز قولداشلىرى تەرىپىدىن يېڭى ھوجرىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. «سۆزمنە» نىڭ ئەلا چوڭى 12 ـ 16 كۋادرات مېتر، كىچىكى ئالتە ـ سەككىز كۋادرات مېتر بولىدۇ.

نىكاھتىن كېيىن، يىگىت ـ قىز تۇزغا چىلانغان (نەمەكاپلانغان) ناندىن بىر چىشلەمدىن يەيدۇ، ئاندىن مۇبارەكباد قىلىنىدۇ.

يېڭى توي قىلىشقان يىگىت ـ قىزنىڭ ھۇجرىسىغا «چىمىلدىق» ئېسىلىدۇ. ئۆزبېك چىمىلدىقى ئۆزىگە خاس مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، يېڭى، ئىناق ۋە مۇھەببەتلىك ئائىلىنىڭ سىمۋولىدۇر.

ئۆزبېك تويلىرىنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس بولغان كۆپ مەزمۇنلۇق، مەنىۋى يوسۇنلىرى بار. بۇ يوسۇنلارنىڭ ئومۇمىي مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت تۈسىنى ئالغان شەكىللىرى كۆپ ئەسىرلەردىن باشلاپ داۋاملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئوتتىن ئاتلىتىش، يىگىتنىڭ قىزنى قىز قولداشلىرى قولىدىن چىمىلدىققا يۆتكىشى، ياغلىق تاشلاش ۋە باشقىلار.

### 3) تەزىيە ۋە باشقا مۇراسىملار

ئۆزبېكلەردە ۋاپات بولغان كىشىنى دەپنە قىلىش ۋە تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئاساسەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ۋاپات بولغۇچىغا بىر يىلغىچە تۆت قېتىم تەزىيە بىلدۈرىدۇ. بۇ «نەزىر» دەپ ئاتىلىدۇ؛ مېيىت ئۆزىتىلگەن 3 ـ كۈنى تۇنجى تەزىيە ئۆتكۈزۈلۈپ، ھازىدارلارغا تەسەللىي بېرىلىدۇ. بۇ، «ئۈچ نەزىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. 7 ـ كۈنى ئىككىنچى قېتىم تەزىيە بىلدۈرۈلۈپ، ھازىدارلارنىڭ ھازىسى ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ، «يەتتە نەزىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. 40 ـ كۈنى «قىرىق نەزىرى» بېرىلىدۇ، يىل توشقاندا «يىل نەزىرى» بېرىلىپ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئاخىرقى تەزىيىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى ھېيت، بايرام كۈنلىرىدە خاتىرىلەپ تۇرۇلىدۇ.

«سۈننەت توي» ياكى «خەتنە توي» ـ بۇمۇ ئۆزبېك مۇراسىملىرىنىڭ بىرىدۇر. ئوغۇل يەتتە ياشقا توشقاندا ياكى بەش ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا خەتنە قىلىنىدۇ. بۇ مۇراسىم ئىسلام دىنىي ئەقىدىسىدىن كېيىن، يەنى 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن «سۈننەت توي» ياكى «سۈننەت مۇراسىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە دىنىي ئېتىقاد يۈزىسىدىن شەكىللەنگەن مۇراسىملارمۇ بار. بۇ مۇراسىملار ئۆزبېكلەرنىڭ مىللىي مۇراسىمى بولماي، بەلكى دىنىي مۇراسىمى خاراكتېرىنى ئالغان. مەسىلەن، «مەۋلۇت مۇراسىمى» يەنە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى، بۇ مۇراسىم بارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان يوسۇنلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

«نەۋرۇز ـ سۇمەلەك مۇراسىمى» ـ بۇ مۇراسىم ئۆزبېكلەردىن باشقا تۈركىي خەلقلەردە ئانچە ئومۇملاشمىغان، پەقەت ئۆزبېكلەردىلا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي مۇراسىملارنىڭ بىرىدۇر. بۇ، ئەتىياز پەسلىدە نوۋرۇز ئېيى (مارت) كىرگەندە ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە پۈتۈن مەھەللە بويىچە بوغدايىنىڭ ئۈندۈرمىسىدىن شىرنىلىق تائام تەييارلاپ، ئۇنى تەۋەررۈك تائام سۈپىتىدە يېيىش مەزمۇن قىلىنىدۇ. بۇ مۇراسىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ھەر خىل قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار. سۇمەلەكنى ياشانغان ئاياللار ۋە پېشقەدەملەر تەييارلايدۇ، ھەر ئۆيگە بۆلۈپ بېرىدۇ، ئاشۇرۇپ قويۇشقا، ئېشىپ قالغىنىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. سۇمەلەك ـ كۆپچىلىكنىڭ قاتنىشىشى بىلەن پىشۇرۇلىدۇ ۋە بىر كېچە قاينىتىلىدۇ.

بۇ مۇراسىمنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خىلمۇ خىل رىۋايەتلەر بار. بەزى رىۋايەتلەردە «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىككى نەۋرىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بارلىققا كەلگەن» دېيىلىدۇ، بۇ رىۋايەت «نوۋرۇز» بايرىمىنىڭ تارىخىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشلاش، دان ۋە ئوزۇق زىرائەتلىرىدىن مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىش، دۇئا ـ تەلەپ قىلىش، ئاشلىقنى قەدىرلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش مەقسىتىدە كېلىپ چىققان دېيىلىدۇ.مانا بۇ رىۋايەت ھەقىقەتكە يېقىن. چۈنكى سۇمەلەك ــ نوۋرۇز مۇراسىمىنىڭ تارىخى ئۆزبېكلەردە ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ مىلادىدىن ئاۋۋالقى 3000 ـ يىللاردا پەيدا بولغان، دېيىشكە ئاساس بار. شىنجاڭ ئۆزبېكلىرىدە بۇ مۇراسىم ھازىرمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە.

## 4) كىيىم ـ كېچەك، تائاملار

ئۆزبېك خەلقى ئۆزىگە خاس مىللىي كىيىم ـ كېچەك فورمىسىغا ئىگە. ھازىرقى زامان ئۆزبېك مىللىتى زامانىۋى كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار تەرىپىنى قوبۇل قىلىپ كۆپ شەكىللىك ئۇستىباش ـ كىيىنىش ئادىتىنى ئومۇملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قىياپىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن مىللىي كىيىملەر ئىچىدە:

سىم ــ چىيەك تون ـ خىپچا، چاقىقان كەلگەن، ئېتەكلىرىگىچە جىيەك تۇتۇلغان ئۇزۇن كىيىم بولۇپ، بۇ، بۇرۇن بەقەسەمدىن تىكىلەتتى. ھازىر ھەر خىل يۇڭ رەختلەردىنمۇ تىكىلىدۇ.

تۇس دوپپا ـ يەنى بادام دوپپا. تۆت قىرلىق، ئاق بادام شەكلى چۈشۈرۈلگەن بۆك. ئۇنىڭ شەكلى ھازىر ئۇيغۇر خەلقىدىكى بادام دوپپىنىڭ شەكلىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۆزبېك تۇس دوپپىسى پەس ۋە قىرلىق قىلىپ تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، «تاشكەنت دوپپا»، «خۇنابە» دەپ ئاتىلىدىغان ھەر خىل باش كىيىملەر بار. شىنجاڭ ئۆزبېكلىرىدە بۇ خىل باش كىيىم ئومۇمىيۈزلۈك كىيىلىدۇ. ئۆزبېك ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ دوپپا كىيىش ئادىتى ئۇيغۇرلارغا ئوخشىمايدۇ: ئۆزبېكلەر دوپپىنىڭ ئالدى ئىككى قىرىنى ئىككى چېكىسىگە توغرىلاپ كىيىدۇ، ئۇيغۇرلار بولسا دوپپىنىڭ بىر قىرىنى پېشانىسىگە (قاڭشىرىغا) توغرىلاپ كىيىدۇ.

ئۆزبېك خوتۇن ـ قىزلىرى كىيىم كىيىشتە ئۆزىنىڭ ھەر خىل مىللىي فورمىسىنى ساقلاپ ۋە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇلۇپمۇ پۈرمە كۆڭلەك، كەشتىلىك پىنجەك قاتارلىق كىيىم فورمىلىرى ھازىرقى ۋاقىتتا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدۇ.

ئۆزبېك تائاملىرىنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە «پىچەن» (پەرۋەردە)، «شىرمان نان» قاتارلىق يېمەكلىكلەر، رىشالە، پەتاسى، پەشمەك قاتارلىق تاتلىق يېمەكلىكلەر، قوۋۇرداق، پولو، نارىن چۆپ، دۇرمەن قاتارلىق مۇرەككەپ ـ يىرىك تائاملار ۋە مەستاۋا، ماش كىچىر، ئۇگرە قاتارلىق يەڭگىل تائاملار بار. بۇ تائاملارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزبېك خەلقىگىلا خاس بولۇپ، ئۆزبېك ئائىلىلىرىنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقلىنىشىنى تەمىن قىلىدۇ.

بولۇپمۇ، مەستاۋا بىلەن ماش كىچىر ـ ئۆزبېك يەڭگىل تائاملىرى ئىچىدە كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ. باشقا خەلقلەردە ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ تائاملار قېتىق بىلەن يېيىلىدۇ.

تەھرىرى: خەمىت نېغمەت

تەھرىر ئىلاۋىسى: تۆۋەندىكى «پەسىلشىپ كېتىۋاتقان تەبىئىتىمىزنىڭ بىر قانچە پاكىتلىرى» ناملىق ماقالە ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتكەن بىر يۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ بىر قىسمى، ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىسىنى ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ماقالىلەرنى ھەر ساندا ئاز - ئازدىن ئېلان قىلىپ تۇرماقچىمىز.

بىز مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ساپانىڭ تۆۋەن تەرەپلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشىمىز كېرەك. كېسەلنى ئېنىقلاشتىن مەقسەت بىمارغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۈچۈندۇر. ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەقسەت، مۇددىئايىمىزنى توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

فرانسىيىنىڭ مەشھۇر سىياسىئونى ئالان پېرفىت «كۆرۈمسىز فرانسۇزلار» دېگەن كىتابنى؛ ياپونىيە مۇتەپەككۇرى گاۋچياۋفۇ «كۆرۈمسىز ياپونىيىلىكلەر» دېگەن كىتابنى؛ ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر سىياسىي ساتىرىكى ئالىت باكۇۋد «غەلىتە تەلەتلىك ئامېرىكا» دېگەن كىتابنى؛ تەيۋەندىكى بەي ياڭ «كۆرۈمسىز جۇڭگولۇقلار» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئۆز مىللەتلىرىنىڭ ئىللەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ دۇنياۋى ئىلغار مىللەت بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغانىدى، دېمەك، ئىللەت باشقا مىللەتلەردىمۇ بار. مەسىلە ئۇنى قانداق تونۇشتا. بىر مىللەت گۈللىنىپ روناق تېپىشى ئۈچۈن، ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىشى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىللەتلىرىنى تونۇشى ۋە تۈگىتىشى لازىم. مۇشۇنداق مەقسەتتە، كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» سەھىپىسىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ماقالە، ئەسەر ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ جانلىق، قايىل قىلارلىق بولۇشىغا ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.




مەن چەت ئەلدە پۈتۈن بىنالىرى، زاۋۇتلىرى بار ئىككى ئۇيغۇر بايىنىڭ بىر قوشۇق تۇز سورىسا، تەستە بېرىپ تۇرۇپ، ئېشىپ قالغان يېرىم قوشۇق تۇزنى قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. يۇرتىمىزدا ئالتۇنچىلىق قىلىپ «باي» دېگەن ئۇلۇغ نامى بار بىر بايىنىڭ ھەج قىلغىلى چىقىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيىلەردە ئىككى يىل تىلەمچىلىك قىلغانلىقىنى مىڭلىغان نومۇسلۇق زاتلاردىن ئاڭلاپ يەرگە كىرىپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. بىر بوۋاينىڭ ئەرزان باھالىق مالنى تاغاردا يۈدۈپ، ماگىزىنمۇ ماگىزىن دوقۇرۇپ «مەن قېرى ئادەم، بۇ نەرسىلەرنى بىلمەي ئېلىپ قېلىپ يۇرتۇمغا كېتەلمىدىم» دەپ يالغاندىن يالۋۇرۇپ، ئىككى يىل سوزۇلۇپ، يات ئەللەردىكىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا ئېرىشىپ، 70 مىڭ دوللارغا ئېرىشىپمۇ بىر ئۆي ئىجارىگە ئېلىشقا ياكى بىر مېھمانخانىدا يېتىشقا چىدىماي، قۇرۇلۇش باقىدىغان مەدىكارنىڭ سېمونت، قوم دۆۋىسىدىن ياساۋالغان كەپىسىدە يېتىپ جېنىدىن ئايرىلغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھەرەمگە بېرىپ بىر ياتاق ياكى ئۆي ئىجارە ئېلىشقا چىدىماي، بىكارلىق خەيرى - ساخاۋەت قونالغۇسىنىڭ تار بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە 30 - 40 بولۇپ تىقىلىشىپ بەدىنىگە چىڭ تېگىشىپ تەردىن سېسىپ، يۇراپ كەتكەن پۇللارنى قۇچاقلاپ ياتقان ئۇيغۇرلارنى، يوللاردا، دوقمۇشلاردا، دالىلاردا، ئۇدۇل كەلگەن يەردە يېتىۋېلىپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئالدىدا ئىززا، نومۇس، غۇرۇر، شان - شەرەپ، يۈز - ئابرۇيىنى يوقاتقان ئۇيغۇرلارنى، ئۆشرە - زاكات پۇلىغا ئېلىپ ئەكىلىپ تارقىتىپ بېرىدىغان يېمەكلىكلەرگە شاپاقتا ئولاشقان چىۋىندەك ئولاشقان، بىر - بىرىنىڭ




بېشىغا دەسسەپ بېرىپ پۇلنى خۇرجۇنىغا، سومكىغا، گۆشنى قوينىغا تىقىشىپ، تالىشىپ، ئۇرۇشۇپ، سەت ۋارقىرىشىپ، جېدەل قىلىشقان، «قورسۇقۇڭلار تويغىدەك ئېلىڭلار. يەنە ئەكېلىپ بېرىمىز، كۆپ ئېلىۋالساڭلار سېسىپ كېتىدۇ» دېسە ئۇنىماي، ئالغانلىرى جىق ئېلىۋېلىپ، ئاچ قالغان قېرىنداشلىرىغا بەرمەي سېسىتىپ، تاشلىۋېتىپ بارغان ئۇيغۇرلارنى ئاڭلىدىم. مۇھاجىرلار زاكاتقا ئېلىپ قويغان بىكارلىق مېھمانخانىلاردا سەن ئۇ يەرلىك، سەن بۇ يەرلىك دەپ بىر-بىرىنى قوغلاپ چىقىرىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

چەت ئەلگە چىققانلار، ھەجگە بارغانلار يۇرتىمىزدا بىز باي دەپ كېرىلىپ يۈرگەن ئاتالمىش «مەدەنىيەتلىك» كىشىلەر ئىدى. ئەمما ئۇلار چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارغا «ئۇيغۇر دېيىلگەن بىر مۇسۇلمانلار قەۋمى بار كەنكى، مەينەتچىلىكنى شەرەپ بىلىشتە دۇنيادا بۇنداق ئادەملەر ئاز ئۇچرايدۇ. بەدىنىگە تېگىۋالغان پۇلنى خەجلىمەي سېسىتىۋېتىپ، بىكارلىق تاماقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ يېيىشتە بۇلاردەك ياۋايى خەلق بولماس. بۇلار قانداق يەردە چوڭ بولغاندۇ؟ مۇسۇلمانچىلىقنى قانداق ئۆگەنگەندۇ؟» دەپ، بىزنى كۆرسە كەمسىتىپ كۈلىدىغان، سېسىق تاپنى كۆرگەندەك بۇرنىنى يۈگەپ قاچىدىغان تەسىراتنى قالدۇرۇپ كېلىشتى.

ھەي چەت ئەلگە چىققانلار، ھەرەمگە بارغانلار، سىلەر بىزدىكى بايلار تۇرۇپ شۇنداق شەرمەندە ئاچكۆزلۈك قىلساڭلار، بىزنىڭ مىليونلىغان، نامرات جاپاكەش خەلقىمىزنى خەقلەر نېمە دەپ قالار؟ «ئۇلارنىڭ بايلىرى مۇشۇنداق ئىكەن، نامراتلىرى بىر-بىرىنى يەمدىغاندۇ؟» دېمەسمۇ؟ بىر مىللەتكە، ۋەتەنگە شۇنداق ھاقارەتنى كەلتۈرۈپ، يۈزۈڭلار قىزارماستىن، ۋىجدانىڭلار ئازابلانماستىن كېرىلىپ يۈرۈۋاتىسىلەر، سىلەردە ھەقىقىي ئىسلام سەۋرچانلىقى، ئەخلاقىي غۇرۇر نېمە قىلسۇن؟! ۋەتەننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى تۆككەن، مىللەتنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى شەرمەندە قىلغان گۇناھىڭلارنى «ھاجىم» دېگەن يالتىراپ تۇرغان ئۇپا-ئەڭلىكىڭلار يېپىپ قالالىدىمۇ؟ سېسىق نامىڭلار ئۆزۈڭلاردىن بۇرۇن ۋەتەنگە كېلىپ مىليونلىغان خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالدىڭلار. بۇ پەقەت ھەج جەريانىدىكى ئاچكۆزلەرگىلا خەلق نامىدىن ئوقۇلغان لەنەت. لېكىن مىڭلىغان ساپ ئېتىقاتلىق، دىيانەتلىك، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق ھەقىقىي ھاجىملار يەنىلا ئەلنىڭ ھۆرمەت تۆرىدە. بىز يۇقىرىقى پەس، ئاچكۆزلۈكلەرنى ئاشۇ ھۆرمەتلىك نومۇسلۇق ھاجىملارنىڭ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ تۆككەن دەردلىرىدىن بىلدۇق خالاس.

ئاچكۆزلۈك كېسىلى يالغۇز ئۇلاردىلا ئەمەس، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىتنىڭ قوتۇر كېسىلىدەك تارقىلىۋاتقان يۇقۇملۇق كېسەل. بىز بۇ كېسىلىمىزنى ۋاقتىدا ساقايتىۋالمىساق، بۇ ئاچكۆزلۈك بىزنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئارىسىدا قاتارغا ئالغىلى بولمايدىغان، ئىززەتسىز، غۇرۇرسىز، نومۇسسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتمەيلى، ئۆز كېسىلىمىزگە ئۆزىمىز داۋا تاپايلى!

تەھرىرى: ئى. بارات

# ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى

ئابدۇكېرىم راخمان

ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلىرى ئۇلارنىڭ قەدىمكى مىفولوگىيىلىرىدە، ھېكايە - چۆچەكلىرىدە، تۇرمۇشتىن يەكۈنلەنگەن ماقال-تەمسىل ۋە شېئىرىي - قوشاقلىرىدا، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت كۆز قارىشى ۋە «تەبىئەتنىڭ ئۆزى تەڭرى» دېيىلىدىغان دېئىزملىق ساددا قاراشلىرىدا پۈتۈن كائىنات تۇپراق (توپۇ) ، ھاۋا (يەل) ، ئوت (ئاتەش) ، سۇ (سۇپ) دىن ئىبارەت تۆت ئېلېمېنتتىن يارالغان، دەپ قارالغان.

ئادەتتە، كۈندۈزلىرىنى كەلگ تەبىئەت قوينىدىكى ئېتىز-ئېرىق، قىرلاردا، كېچىلىرىنى كۆك ئاسمان ئاستىدىكى خامانلاردا خامان تېپىش، يايلاقلاردا مال كۆزىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئۇزاق ئەسىرلىك ساددا چۈشەنچىلىرىنى يەكۈنلەپ، تۆت ئېلېمېنت (تۆت زات، تۆت ئاناسىر، تۆت ماددا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئىلاھلاشتۇرىدىغان ئاجايىپ قىزىقارلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد مەزمۇنىغا ئايلاندۇرغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆپ خۇدالىق قەدىمكى ئىپتىدائىي قارىشىدا كۆكتەڭرى (ئاسمان، ھاۋا ئىلاھى) ، يەر - سۇپ ئىلاھى (ئۇماي ئىلاھى) ، سۇ تەڭرىسى (سۇ ئىلاھى) ۋە ئوت ئىلاھى (ئاتەش ئىلاھى) ھەممىدىن بۈيۈك ئىلاھلار ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان ۋە ئېتىقاد قىلغان. ئۇلارنىڭ «ئادەم زاتىنىڭ يارىلىشى» ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدا، ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامدىن ئادەم زاتى پەيدا بولغان، دەپ ھېكايە قىلىپ، ئادەم ئاتام (ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى كۆككە (ئاسمانغا) ، ھاۋا ئانامنى يەر (تۇپراق) گە تەڭلەشتۈرىدۇ. ھەمدە ھاۋا ئانامنى ئانا تەڭرى— ئۇماي دەپمۇ قارايدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇمايغا تاپىنسا ئوغۇل بولۇر» دېگەن ماقالمۇ بار. خەلقىمىز ئارىسىدا كۆككە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان «يامغۇر تىلەش مۇراسىمى» دا «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دەپ ئاسمانغا قاراپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىش ئادىتى ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. تۇپراق (يەر) نى ئانىغا تەڭلەشتۈرۈپ ئۇنى ئۇلۇغلاش (ئانا يەر، ئانا تۇپراق، ئانا ۋەتەن دېگەنگە ئوخشاش) ئادىتىمۇ ئەنە شۇ ئىپتىدائىي «يەر - سۇپ تەڭرىسى» ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان. ئۇماي ئانا قەدىمكى زامانلاردا ئادىمىزات ئۈچۈن تۇپراق ۋە سۇ مەنبەلىرىنى ئاتا قىلغۇچى بەخت ئىلاھى دەپ ئاتالغان. ئەنە شۇ «بەخت ئىلاھى» شەرىپىگە تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى ئىدىقۇت (ئىدى- ئىلاھ، خۇدا، قۇت — بەخت يەنى بەخت بەرگۈچى خۇدا، دېمەكتۇر) دەپ ئاتالغان.

خەلقىمىزنىڭ «تۆت ئېلېمېنت» نى ئۇلۇغلاش ۋە مۇقەددەسلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ ئىزلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە، كىيسەللەرنى داۋالاشتىكى ئەم- ئىرىم قائىدىلىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئادەتتە داۋالىق دېيىلىدىغان «تۆت پەسىل» (باھار، ياز، كۈز، قىش) «تۆت تەرەپ» (شىمال، جەنۇب، شەرق، غەرب) ، «ھاياتلىقنىڭ تۆت دەۋرى» (باللىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىق) ، «تۆت سۈپەت» ياكى «تۆت مىزاج» — (ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق) ، «تۆت خىلىت» (سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا) قاتارلىق «تۆتلىكلەر گۇرۇپپىسى» نىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئالەمنىڭ ئۇلى بولغان «تۆت ئېلېمېنت» قارىشىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادە قىلىنىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ يادروسى (مەركىزى) قەدىمكى ئىپتىدائىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن «تۆت ئېلېمېنت» قارىشىدىن ئىبارەت، دەپ ئېيتالايمىز.

تەھرىرى: ئىدرىس بارات






ئەنۋەر سەمەت هۆسن خەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما








كاتتا سىرەلگەن مېھمانخانا



رامانىۋى ئالاقىلىشىش ئۈركىنى



ئاجايىپ سېلىنغان باللار بەغچىسى



[illegible] ئالاقىلىشىش بىنالىرى



[illegible]

# نېفت شەھىرىنىڭ يېڭى قىياپىتى

— تارىم نېفتلىكىنى چارلاپ ئېچىشقا قوماندانلىق
قىلىش ئورگىنىدىن كۆرۈنۈشلەر





قۇرۇلۇۋاتقان 14 قەۋەتلىك يېڭى خىزمەت بىناسى

جۇڭگو نېفت تەبىئىي گاز باش شىركىتى تارىم نېفتلىكىنى چارلاپ ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش ئورگىنى كورلا شەھىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىڭ 800 مودىن ئارتۇق.

كورلا بازىسى 1990 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ قۇرۇلۇشقا باشلىغان، ئۇ «كەسپكە تايىنىش، جەمئىيەتكە تاپشۇرۇش، بىر تۇتاش پىلانلاش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىنى بىرگەۋدە قىلىپ، نېفت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش ئۈچۈن يېڭى بىر يول ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەنۇبىي شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتتى.

لى خۇي خەۋىرى ۋە فوتوسى



ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى









**تەنتەنە**

ۋېي دىڭنىڭ فوتوسى

# ھېكايەت

ئارىستوتېل شاگىرتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق سۆھبىتىدە ئۇنىڭغا مۇنداق نەسىھەت قىلغانىكەن:

— ئىمكانىيىتىڭنىڭ بارىچە ئۆزەڭگە دۈشمەن ئاشۇرما: بىرەر كىشى ساڭا دۈشمەنلىك كۆرسەتسە، سەن ئۇنىڭغا مەرھەمەت ۋە ئىلتىپات نەزىرى بىلەن قارا، مەردانىلىق قىل. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى سېنىڭ دوستلىرىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ؛ دوستلىرىڭنى شەپقەت ۋە مەرھەمەتلىرىڭ بىلەن خۇشال قىل. ئۇلار سەندىن ئايرىلماي سەمىمىي دوستلىرىڭ بولۇپ قالىدۇ.

يالغانچى كىشىدىن چاپا كۆرىسەن. تومۇرا سۆز كۆڭۈلگە ئاچچىق ۋە قاتتىق تېگىدۇ. ئادەم ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ياخشىلىق قايتۇرىدۇ. كىمنىڭ نەسلى پاك ۋە ساپ بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەخلاق مەنىۋىيىتى يۇقىدۇ.

ئەي شاھ، ئىنسانپەرۋەرلىك قىل، ئالىي ھىممەتلىك،

شىرىن سۆزلۈك، خۇش پېئىل بول!

خەتتىنى يازغۇچى: [illegible]

# ئەرەبلەر ۋە ئەرەب تىلىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى

**ئابدۇللا مۇھەممەدئېلى**

ئەرەبلەر دۇنيا بويىچە ئولتۇراقلىشىش دائىرىسى كەڭ، ئاھالىسىمۇ كۆپ بولغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار شەرقتە پارس قولتۇقىدىن غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە، شەرقىي جەنۇبتا نىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ھەمدە شەرقىي ئافرىقا تۇمشۇقىغىچە بولغان تەخمىنەن 14 مىليون كۋادرات كىلومېتىرچە دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاسىيا، ئافرىقا، غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى بەزى جايلاردىمۇ بىر قىسىم ئەرەبلەر يەنە باشقا مىللەت كىشىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ھازىر ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 200 مىليونغا يېتىدۇ.

ئەرەب تىلى ب د ت نىڭ ئالتە خىل خىزمەت تىلىنىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيادىكى چوڭ تىللار قاتارىغا كىرىدۇ. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى، يەمەن، ئومان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، قاتار، بەھرەين، كۇۋەيت، لىۋىيە، پەلەستىن، ئىراق، ئىئوردانىيە، لىۋان، سۈرىيە، مىسىر، تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش، سۇدان ۋە غەربىي سەھرا قاتارلىقلار رەسمىي ئەرەب ئەللىرى بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئەرەب تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ماۋرىتانىيە، سومالى، جىبۇت قاتارلىق ئەللەردىمۇ ئەرەب تىل - يېزىقى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە. ئەرەب تىلى يەنە ئىران، چاد، تۈركىيە، تانزانىيە، ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەردە ئولتۇراقلاشقان نەچچە مىليون ئەرەبلەرنىڭمۇ ئانا تىلىدۇر. شۇنىڭدەك ئەرەب تىل - يېزىقى 22 ئەزا دۆلەتتىن تەركىب تاپقان ئەرەب ئىتتىپاقىنىڭ خىزمەت تىل - يېزىقى بولۇپلا قالماستىن ئىسلام دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭمۇ ئاساسلىق پائالىيەت تىل - يېزىقى ھەمدە دۇنيادىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىدىكى مۇھىم قورالى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىك ئەرەب تىلى ئىنسانىيەتنىڭ تۆتتىن بىرىگە يېقىن سالمىقىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئامmىسىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىدە ئورتاق قوللىنىدىغان تىلى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاز بولمىغان مۇسۇلمان زىيالىيلىرى ئۇنى بىلىدۇ.

ئەرەب يېزىقىمۇ دۇنيادا بىرقەدەر كەڭ قوللىنىۋاتقان يېزىق بولۇپ، پارس، ئوردۇ، پۇشتۇ، سىند، كورد ۋە جۇڭگودىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئىشلىتىدۇ. 30 - يىللاردىن ئىلگىرى تۈركىيە ۋە ھازىرقى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرمۇ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللىناتتى.

7 - ئەسىردىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسى پەقەت ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەنلا چەكلىنەتتى. مىلادىنىڭ 610 - يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ھىجازىيىدە كۆتۈرۈلگەن ئىسلام دىنىي تەنتەنىسى ئارقىسىدا ئەرەبلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بۇرۇنقىدەك ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەنلا چەكلىنىشتەك چەكلىمىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ يوچۇق ئاچتى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ تېز تارقىلىپ غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، باشقا تىللارنىڭ قۇرئان تىلىغا ئورۇن بېرىش نەتىجىسىدە، ئەرەب تىلىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى شىددەت بىلەن كېڭەيدى، ئەرەبلەر ئىلگىرىكىدەك ئاجىز ۋە قالاق، كىچىك سەھرا مىللىتىدىن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مىللەتكە ئايلىنىپ، غەربتە مەغرىپتاندىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىغىچە، شەرقتە ھىندى دەريا ۋادىسىغىچە بولغان تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور سىياسىي ئىمپېرىيىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەرەب تىلى ئەينى دەۋر تىل تارىخىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، پۈتكۈل ئەرەب ئىمپېرىيىسى دائىرىسىدىكى ھۆكۈمران تىلغا ۋە ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق پائالىيەت ۋە ئىلىم - پەن تىلىغا ئايلانغان ئىدى. شۇڭا 8 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان؛ كىمكى دەۋر ۋە زامانغا يېتىشۋېلىشنى، ئالىم بولۇشنى خالايدىكەن، ئالدى بىلەن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئۇيغۇرلار

ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدىن چىققان جاھان مەدەنىيەت تارىخىدىكى شاھانە ئالىملاردىن ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتىلى، مەشھۇر مۇزىكىشۇناس ئەبۇنەسىرفارابى، جاھان تۈركىلوگىيە ئىلمىنىڭ داھىيانە ئاتىسى مەھمۇدقەشقىرى، مەشھۇر قانۇنشۇناس، سىياسىئون يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەشھۇر تىبابەتشۇناس ئەبۇ ئىلى ھۈسەيىن بىننى ئابدۇللا ئىبىن سىنا، ئوتتۇرا ئەسىر تەبىئىي پەن تارىخىدىكى كۆرۈنەرلىك نامايەندە مۇھەممەد ئىبىن مۇساخارەزمى قاتارلىق نەچچىلىغان ئالىملار داڭلىق ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىلىرى بولۇپ بىر قاتار جاھانشۇمۇل ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازغان ئىدى.

ئەرەبلەر بىر پۈتۈن سىياسىي بىرلىك ئىچىدەبولمىغانلىقتىن ئۇلار تارقالغان دۆلەتنىڭ ئوخشىماسلىقى ئارقىسىدا ھازىرقى زامان ئېغىز تىلىدا بەزى پەرقلەرمۇ مەۋجۇت. بولۇپمۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ۋە مەغرىبتان قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان كىشلەرنىڭ ئېغىز تىلى باشقا جايلاردىكى ئەرەبلەرنىڭ دىئالېكتىدىن بىرقەدەر پەرقلىنىدۇ. ئەمما ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا بايلىق بولغان مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلى 7 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن بىردەك بولۇپ، بۇ كلاسسىك ئەرەب تىلىدا مۇتلەق ئۆزگىرىش بولمىدى. «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا شۇنىڭدەك كۆپلىگەن دۆلەت ۋە رايونلاردا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەرەبلەرنىڭ تىلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشتە كۈچلۈك قورال بولۇپ كەلمەكتە. ئادەتتە ئەرەب ئەللىرىدىكى تەربىيە كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشلەر ئۆزئارا ئالاقىلەشكەندە بىردەك كلاسسىك ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەبلەر شانلىق مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ ياۋروپا مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئاساس سالغانلىقتىن ئەرەب تىلى ياۋروپادىكى نۇرغۇن تىللارنى خېلى كۆپ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن ئاتالغۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلۈكلەر بىلەن تەمىنلەپ ھەرقايسى تىللارنى بېيىتىش رولىنىمۇ ئوينىغان ئىدى. ھازىرمۇ ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىلىم ـ پەن ئاتالغۇلىرى ياۋروپا تىللىرىنى ئاساس قىلغان ھەرقايسى تىللاردا يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە ئىشلەيدۇ)

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

# قەلەم خەت قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى

*خەتنىڭ قانداق يېزىلىشى مەلۇم جەھەتتىن شۇئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقى ، پسىخىكى ۋە خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. چىرايلىق خەت كىشىگە هوزۇر بەخش ئېتىدۇ هەمدە ئۇنى كىشىنىڭ ئوقۇغۇسى كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش يېڭى ئۆگىنىچىلەرگە نەمۇنە كۆرسىتىپ بېرىش ۋە خەتتات ھەۋەسكارلىرىغا ماھارەت كۆرسىتىشكە سورۇن ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ ساندىن باشلاپ ھەرخىل نۇسخىدىكى قەلەم خەتلەرنى ئېلان قىلماقچى.*

*خەتكە بولغان تەلەپ: «قەلەم خەت» ئادەتتىكى سىياھ قەلەمدە يېزىلىشى، ئەڭ ياخشىسى قارا سىياھدا يېزىلسۇن، قۇرلۇق ـ قۇرسىز قەغەزبولسا بولۇۋېرىدۇ، يېزىلغان خەتنىڭ ئۆلچىمى $21 \times 15$ cm بولسا بولىدۇ، مەزمۇن جەھەتتە ژۇرنىلىمىز بېتىدە بىر بەت كەلگۈدەك ئىبسىل ھېكايەتلەر، كاتتا نەسرلەر، نەسىھەتنامە قاتارلىق ئەسەرلەر بولسا بولۇۋېرىدۇ.*

*سورۇننى بىز ھازىرلىدۇق، ماھارەت كۆرسىتىش سىزدىن.*

**مىللەت ۋۇجۇدىدىكى قاباھەتنى تەن ئېلىش — شۇ رەزىللىك - قاباھەتنى خۇدالىق دەرىجىسىدە تۇرۇپ قارغاشتۇر.**

**- چىنگىز ئايتماتوۋ**

قانچە سۇلار ئاقتى، بورانلار سوقتى، چېچەكلەر تۆكۈلدى، ھايات ئۆز رىتىمىنى ھەر مىنۇتتا يىگىلاپ چەكسىز تەلپۈنۈش، سوقۇلۇش مەۋجىنى پەيدا قىلدى. بىزچۇ؟ بىز نېمىلەرنى ئويلىدۇق؟ كىملەرنى كۈتتۇق؟ نېمىگە ئېرىشتۇق؟ پەقەت بەغەرەز، ياۋاش، غەمكىن خىياللار بىزنى چىرمىدى. ئارزۇلىرىمىز ئارزۇ پېتىچە قالدى. گاھىدا ئانچە- مۇنچە قايناپ قويۇش بىلەن چەكلەندۇق. ئادىمىيلىك تۇيغۇمىزنىڭ، يوشۇرۇن ئاڭ، مۇجۇلغان روھىيتىمىز ساندۇقىدا قانداق نىجىسلىقلارنىڭ ساقلىنىپ، ئەسىرلەرنىڭ سېھىرلىك مېھرىدىن پۈتكەن مەرىپەت دۇردانىلىرىنىڭ قاشتاق تۇيغۇمىز تەرىپىدىن قانداق تەرىزدە يەنچىپ تاشلانغانلىقىنى سېزەلمىدۇق، مانا بۇ بىزدىكى ئەڭ كەچۈرگىسىز ئىللەت، روھىي يىمىرىلىش ئىدى.

خەيرىيەت، قورام تاشنىڭ يۇرىكىدىن بۇلدۇقىدە چىققان بۇلاق سۈيىدەك ئەزگۈ بىرسادا ياگرىدى — پەۋقۇلئاددە سەزگۈدىن تۇغۇلغان پىكىر ھۆرلۈكىنىڭ چاقنىشى مېنى ئەندىكتۈردى، قايغۇرتتى، شادلاندۇردى، كۆزياشلار بىغۇبار نۇرقايىنىمغا چۆكتى!

ساتىراشخانىغا كىرگىنىمنى بىلمەن، قايتىپ چىققاندا باشقىچە ئادەمگە ئايلاندىم. قېنىمدا ھەسرەتلىك دولقۇن ھۆۋۈلدايتتى.

چاساقال بىر ئادەم بوم ئاۋازدا شېئىر ئوقۇماقتا، ھەممەيلەن جىمجىت تىڭىلىگەن، ساتىراشنىڭ ئۇستىرا تۇتقان قولى توختاپ قالغان، ساقالغا سۈركەلگەن ماغزاپ ئېقىپ كۆينەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى.

بۇ ئادەمنى يايرىتىدىغان يۇمۇرلۇق مىسرالار بولماستىن بەلكى، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەجەللىك ئىللەتلەر قامچىلانغان تەنھالىق قەسرىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ بىپايان بوشلۇقتا يۈزلەنگەن، رېئاللىقنىڭ كۆكسىگە ئۇتلۇق خەنجەر ئۇرغۇچى مىسرالار ئىدى.

سىرتقا ئالدىراپلا چىقتىم-دە، كىتاب بوتكىلىرىنى ئىزلەپ يۈرۈپ مىڭ بالالىقتا بۇ ژۇرنالدىن بىرنى قولۇمغا چۈشۈرۈپ ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ھەر قېتىم ئوقۇسام باشقىچە يېڭى تۇيۇلدى. ئۆزىمىزنى ئاقلاشقا ئىمكان يوق، پىكىرلەر ئوقى دەل جايىغا تەگكەن ئىدى. مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۇستىدىكى يۈكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى جىمجىت تەلپۈنۈش ئىچىدە




ھېس قىلدىم.

مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىگە ئوت يېقىشقا جۈرئەت قىلغان بۇ شېئىر «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان شائىر روزى سايىتنىڭ «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» دېگەن شېئىرى ئىدى. كىملەردىندۇر شۇنداق سادانىڭ چىقىشىنى كۈتكەن دىللار سۈكۈناتنى پارتلىتىپ چايقالغان ئەقىل قايىنىمىدىن ئۆزىنى ئىزلەشكە كىرىشتى. مانا، بۇنىڭدا ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ نادىر، ئاتەشلىك سىمفونىيىسى ياڭرايدۇ.

شائىر ئېغىر تىنىقلار قوينىدا تولغىنىدۇ. بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ ئۆلگەن روھىيەتكە يېڭى جان بېغىشلىيالمايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

سۇنغان پىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن ساقىپ چىقىۋاتقان قاباھەتنىڭ سۈرىتىنى زور چىدامدا سىزىپ كۆرسىتىدۇ:

«بۇ مىللەت شەنىنى يايغان جاھانغا ئۆم - ئۇيۇشقاقلىق،

ھالا ئەمدى چېچىلدى قۇم كەبى،تەستەك

قويۇشماقلىق.

ھەسەتلىك دىل، ھەسەتلىك گەپ، ھەسەتلىك كۆز ...
شۇڭا دائىم،
ئارام تاپمايدۇ «كولاشتا» تېخى كولاپ تويۇشماقلىق.
خىيالدا ئىلىم - ئىرپان ئەمەس، جاڭجال، رىيا، پىتنە،
ئەدەب ئەخلاقنى يەم قىلدى قىزىل كۆزلۈك،
ئۆرۈشقاقلىق.
كىچىكلەر چوڭغا ھۆرمەت، ئەپۇنى خالىماس چوڭلار،
ئۇدۇم بوپ قالدىغۇ چۆجە-خورازدەك تەڭ تۆرۈشماقلىق.

بۇ يەردە ئۇلۇغ بوۋا كالان شائىر، ئۇستازىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەرىپەتپەرۋەر، ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بەختىيار قەرزدارلىق

# تىنىمسىز ئويلار

ۋارىسجان قاسىم



ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ئۇنۇپ چىققان يىگانە، گىگانت چوقانىغا ئاھاڭداش، قەلبلەر ئىختىيارىي ئەمەس، بەلكى مەپتۇنكار ئاراب ئىچىدە قوبۇل قىلىدىغان تىكەنلىك ناخشا ياڭرايدۇ.

شائىر مىللەت ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنى ئىزلەش يولىدا ئاددىيلا ئۆز-ئۆزىنى يوپۇتۇش، چاكىنا مەدھىيىۋازلىق ئۇسۇلىنى قوللانماي، بەلكى مىللەتنى چىرىتىدىغان، مىللەتنىڭ شۆھرىتىنى ئىنسانىيەت مۇنبىرىدىن سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ۋاباسىمان ئىللەتلەر — ھەسەتخورلۇق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، چېقىمچىلىق، مۇناپىقلىق، پىتنىچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك ۋە خۇنۇك روھى گادايلىقنىڭ پاجىئەلىك زىيانلىرىنى شائىرانە ئىچىنىش تۇيغۇسىدا كىتابخان سەزگۈسىگە يايىدۇ.

شېئىرىي مەنزىرىلەر قايىنىمىدىن تۆتەكلىك قەدەملەر سىلجىپ چىقىدۇ. مۇتەپەككۇرانە ياش ئۇخچۇپ تۇرىدۇ.

بىز كىم؟؟؟

بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن، غالجىرلاشقان ئوي- خىيالمۇ، قاناتلىق تەپەككۇرمۇ بۇ سوئالنىڭ چېتىگە چىقىپ بولالماي ھېرىپ قالىدۇ.

چوڭ ھەجىملىك شانلىق تارىخىمىزنى ۋاراقلىساق يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، فارابى، نەۋائىدەك بۈيۈكلەر ئۆزىنىڭ پاك ئىنسانى پەزىلىتى، ئىلىم - پەندىكى ئاجايىپ زور كامالىتى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تومۇرىدا ھاياتلىق قېنىنى دولقۇنلاتقانلىقىنى كۆرىمىز، لېكىن، كېيىنكى زامانلاردا تۇرلۇك سەۋەبلەر — بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ ماڭقۇرۇتلۇقىمىز — دىتسىزلىقىمىز، ئەسلىمىزنى ئۇنتۇشىمىز تۈپەيلىدىن بۈيۈك تۆھپىلەرنى يەپ تۈگىتىپ، ئۆزئارا قوللاش، قوغداش، ئاسراش، يېڭىلىق قوبۇل قىلىش ئورنىغا گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىقنىڭ رەزىل، سەرەلمە خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ھەجىبىي تورۇپ تالانت ئىگىلىرىنى ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچارقىلىپ، مەرىپەت ئاسمىنىدىن غالجىرلارچە ساقىتىپ، كېيىن ئويالماي كۆزىمىزدىن شەيتاننىڭ شۆلگىيىدەك مۇناپىقانە ياشلىرىمىزنى تۆكۈپ، ياقىمىزنى يىرتىپ، ھەسرەتلىك مەرسىيە، ھەيۋەتلىك قەسىدىلەرنى ئوقۇدۇق، يېڭىلىق دىسە خۇددى ھىندى كالا گۆشىدىن ئۈركىگەندەك ئۈركىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئاسىيانىڭ يۈرىكىدە مەدەنىيەت مەشئىلىنى ياققان مىللەت ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە گويا مايسىراپ قالغان جىنچىراغدەك پىلىلداپ قالدى.

شۇچاغلاردا ئالدىغا پەشتاما تارتىپ يۈرگەن مىللەتلەر ئەقىل ۋە يېڭىلىققا ئەھمىيەت بەرگەچكە تەرەققىياتتا پارتلاش بولدى، ئاڭ-ئىدراك غايەت زور قۇدرەتتە تەۋرەندى، دولقۇن ياسىدى.

ئىنسان تەقدىرى، ماھىيىتى، ياشاشتىكى مەقسىتى توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلاش كۈنسايىن چوڭقۇرلاشتى.

چوقۇنۇش ئىدىيىسىنى تەرەققىيات يولىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىدى. شۇڭا دۇنيانىڭ دەسلەپكى تارىخىنى ياراتقۇچىلارنى ھالاك - تالاڭ قالدۇرۇپ پارلاق تەپەككۇر مەيدانىغا كەلدى، ئۇرۇش ۋە تەرەققىياتنىڭ دەھشىتىدىن ياپراق ئۇستىدىكى بىر تامچە شەبنەمدەك تىترەپ تۇرغان يەرشارىدا ئادەم ئەقلىنى لال قىلىدەك بوسۇش ۋە ئېچىرقىغان لەھەگدەك غالجىرانە ئاپەتلەر كۆرۈنمەس كويىقاپتەك ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ، ئىنسانىيەتنى ئازاب دېڭىزىغا سۆرىمۇاتسا، بىز تېخى كارامىتىم بار دەپ ئاجايىپ يوغان مانتىلارنى ياساپ ئىچىگە كىرىپ بەخىرامان مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن قىيمىسىنى تېرىپ موكۇلدىتىپ يەۋاتىمىز. ھەتتا خىجىل بولماي مانتا ئىچىدە قىيما تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتىمىز.

ھەقىقەتلەر بىزگە ئىشلارنىڭ، ئىنسان تەقدىرىنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى، چاقماقتەك پىرقىراۋاتقان دۇنياغا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ كۆزى بىلەن قارىماسلىقنى، ئاللىبۇرۇن مەست بولۇپ كەتكەن ۋىجدانىمىزنىڭ بىھوش سەزگۈسىگە ئۇزاق مۇددەت تۇزغا چىلانغان ئازابنىڭ زەھەرلىك، مۇزدەكمۇ سوغۇق شەربىتىنى ئېمىتىش بىلەن ئۆگەتتى، لېكىن بىز بۇنىڭغا ئانچە ئىرەڭ قىلمىدۇق.

«بۇ مىللەتنىڭ قېنىنى بۇزدى يۇرتۋازلىق، خوتۇنبازلىق،
ئاڭا ياندىشى مەيخورلۇق، بۇ «بازلىق»لار قىلىپ ئازلىق.
«قەيەرلىككەن» بىلەن ئۆلچەپ «يامان»نى «ياخشى»نى، تۇۋا،
ئىمانى، جاننى بەردى جانانلار ئانسا قاش نازلىق.
ئىچىپ مەي زورلىنىپ، زورلاپ، ئەقلنى مەي بىلەن خورلاپ،
كۆزنى مەستلىكى تورلاپ، قىلىشتى غەمزە-غەمزازلىق.
بۇلارمۇ يەتمىگەندەك، كۆر، چىقاردى باشقىچە ئادەت،
گۇرۇھ ئايرىپ، جېدەل ئىستەپ، گۇماندا يۈتتى ھەمرازلىق.
ئۇ چىشلەپ، بۇ تېپىپ، ئۇ كوچىلاپ، بۇ چۇخچىلاپ... ھەيھات،
ئاداۋەت، غەم-مۇرامدادىل يېرىنى ئېيلىدى سازلىق.
ئۆگەنمەك يوق، تىرىشماق يوق، ئىلىم تەھسىلگە قىلماس زوق،
يەنە قېپقالدى بىر مۇنچە ئېسىل خوي، خويدا رەڭۋازلىق.
ئارام تاپسا سوقۇشتۇردى، تالاشتۇردى خوراز، ئىتنى،
جاھاندا بارمۇ بىر مىللەت سۈپەتتە ئۇشبۇ ئەندازلىق».

بۇنداق شارائىتتا كىم-كىم بىلەن ئىچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭلىشالىسۇن؟ ئادەمنى گۇمران قىلىشتىكى ئەڭ ئەشەددىي ئۇسۇل بىرىنى بىرىدىن قورقىدىغان قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت مەنىۋى تراگېدىيە بولسا كېرەك. ئازابنى نوقۇل ھالدا كىشىلەرنىڭ تارتىشقا تېگىشلىك نىسۋىسى دەپ قاراش تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر، لېكىن، تىنچىماس ئازابلىق يوللار بىزنى چاقىرىدۇ.

مىللەت مەدەنىيلەشمىسە، زامانىۋىلاشمىسا ھايۋانلارغىمۇ ئارام يوق. ئادەملەرنىڭ قەبىھلىكلىكىدىن رەنجىگەندە گۇناھسىز ھايۋانلارنى قاساپ تىللاپ كېتىمىز. مىللەتنىڭ قايغۇسىنىڭ ئورنىغا چاكىنا، چۈپەي شەخسىي ماجرالارنى سۆرەپ كىردۇق. ھېچكىمدىن تۆلىتىۋالغىلى بولمايدىغان، قايتىلانمايدىغان گۆھەردەك يارقىن - جۇلالىق دەۋرىمىزنى خوتۇن ئېلىش ۋە خوتۇن قويۇشقا بەخشەندە قىلىۋەتتۇق. رىۋايەتتىكى «ئۇلۇغ»لارنى دوراش خىيالىدا ئالچاڭلاپ ماڭالماي قالدۇق، قانچە خوتۇن ئالغانلىقىمىز بىلەن ئېپتىخارلىنىپ ھېيتلىق ئالغان كاچىدەك شادلىنىپ كۈلدۇق.

ئېتىقاد تۇراقسىزلىقى ۋە قاشاقلىقى بىزنى يېتىمچىلىكنىڭ تېگى كۆرۈنمەس جىلغىسىغا باشلاپ باردى. باشقىلاردىن، يېڭىلىقلاردىن ئەمەس، ئۆزىمىزدىن قورقۇشنىڭ ئەڭ ئەشەددىي، زۇلمەتلىك قورقۇش ئىسكەنجىسىنى بايقىيالمىدۇق. پەخىرلىنىشكە توغرا كەلسە ھەممىدىن ئاۋۋال بىز مەيدىمىزگە مۇشتلاپ ئۆزىمىزنى باسالماي ھەتتا نەيرەڭۋازلىقتا قىلىنىڭ ئىچىدە پويىز ماڭدۇرۇشقا قادىر بولدۇق. تاماق يېيىشكە ياراتقان ئەسۋاب دەپ ئاتالغان چوكىنى باشقا يەرلەرگىمۇ نومۇس قىلماي ئىشلەتتۇق، ئەپسانىۋى قەدىمۋازلىق، پاسقانە مەيخورلۇق ئەقلىنى كۆيدۈرۈپ، ئاڭنى يالماپ يۇتۇپ، مىللەتنى قۇرۇق جاھازا ـــ ئىسكىلىت شەكلىگە كەلتۈردى. ئىقبالىيەت مۇنبىرىنى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بەزمە گاھىغا ئايلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.

ھەقىقىي مىللىي غۇرۇر يېتىم ئەمەس، لېكىن بىز مىللىي روھ، مىللىي غورۇر دېگەننى مەست چاغلاردا كۆچەپ تۇۋلاپ، ئۆزىمىزنىڭ پۇچەك، ئېقىندارسىزلىقىمىزنى ئاشكارىلاپ كۆز - كۆز قىلىۋاتىمىز. ئەپسۇس، سولتەكلىكنى، يالغاندىن چىڭقىلىپ يۈزنى قىزارتىشنى مىللىي روھ دەپ كۆركەم ھېسداشلىق لىباسىنى كىيدۈرۈپ قويساق، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز دوزاق ھازىرلىغان، قىيامەتنى چاقىرغان بولىمىز. ئويلاپ باقساق، ئاخشامقى مەستخۇش جەڭگىۋارلىقنىڭ ئەتىسى كۆپۈكتەك غايىپ بولىدىغانلىقىنى سېزىمىز.

رەزگى ئىللەتلەر كەلكۈنى ۋۇجۇدىمىزنى باستۇرما قىلدى، ئۈمۈچۈك تورىدەك قاپلىدى، بۇرنىمىزغا شۇنچە سۇ كىرگىنىگە باقماي، بۇ جاھالەتنىڭ جادۇگەرىگە بىز ھەر جايدا گويا چوڭ دادىمىزغا ئىلتىپات كۆرسەتكەندەك تۆرىدىن ئورۇن بەردۇق، قولتۇقلاپ يۈردۇق، شۇڭا بۇ ئىللەتلەرنىڭ خورىكى ئۆستى، ھەتتا خەلقىمىز مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى، ئىلىم-پەننىڭ، ئادالەتنىڭ بايراقدارى، ھىمايىچىسى، مەنىۋى ئانىمىز،

ھەققىي ئىنسان دەپ يۈرگەن زىيالىيلىرىمىزنى چىرىتىپ ئادەم يىرگىنگۈدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. ۋىجدانىغا ياد خاھىشلارغا سەسكىنىش يوق، ئالقان ئىچىشقۇدەك چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدۇق، بۇنى ساداقەت، ئۈمىدكە جاۋاب قايتۇرۇش دەپ بىلدۇق. ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈندۇق، ئەپۇنى ئۇنتۇپ، قەبىلىۋازلىق ئىللىتىنى داپ قىلىپ چالدۇق. شۇنداقتىمۇ ۋىجدان بايرىقىنى ئېغىزىمىزدا يەتتىنچى ئاسمانغا يەتكۈدەك ئېگىز كۆتۈردۇق.

بىز جەننەتنى ئەقىل ـ ئىدراكتىن ئەمەس، سەرگەردان خىياللاردىن ئىزلىدۇق، مېھنەت ـ قاسماق جەندە ـ كۆلا بىلەن ئالالانىڭ نۇرانە جامالىغا مۇشەررەپ بولۇشنى خام تاما قىلدۇق.

«بۇ مىللەتتە «ساقاللىقلار» نامازخانلىقتا يۈزلەندى،
«ساقالسىزلار» لاغايلاشقا، مەمەدانلىقتا يۈزلەندى.
ئويۇنپەزلەر سوقۇپ تاش بىرلە تاشنى كۆڭلىنى ئاچسا،
«كارا OK »، «تانسا كەش»نىڭ ۋاقتى بىزمانلىقتا يۈزلەندى.
جاھان نەدە، ئۆزى نەدە؟ بۇنى ئويلايدىغانلار ئاز،
ھەجەپ ئىش، پەيلى خۇيدا بىخارامانلىقتا يۈزلەندى.»

مەسچىتكە كىرىش ئىبادەتنىڭ تاشقى شەكلى، روھىي جەھەتتىن ئۇلۇغلۇقتا، پەزىلەتكە، مەرىپەتكە يۈغۈرۈلۈش ياشاشنىڭ مەنىسى، ئىبادەتنىڭ ساغلاملىقى ۋە بۈزۈكۋارلىقى.

بىز كوچىلاردا نۇرغۇن نەۋقىران ياشلارنىڭ ئۆمرىنى بىر كۆزىنى قىسىپ كۈچەپ تاش سوقۇشقا قۇربانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، يايراۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئۆمۈچۈكنىڭ چىۋىن يەپ «بۇنداق لەززەتنى جاھاندا مەندىن باشقا كىم تاپقاي» دەپ ماختانغانلىقىدەك بىر ئىش. بىھۇدە ئېقىپ كەتكەن دەقىقىلەرنىڭ قەھرىلىك چىشلىرى بىزنىڭ ۋىجدانىمىزنى قاخشاتماسمۇ؟ ئەۋلاد ئالدىدا ھېساب بەرمەسمىزمۇ؟

مەشھۇر يازغۇچى باجىن: «بىلىم، مەدەنىيەت بولمىسا، ئىقتىسادنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولسۇن؟» دەپ توغرا ئېيتقان.

جانلىق بىر دەلىلى ھەرىكەت مىڭلاپ قۇرۇق ئۇھ تارتىشلاردىن ئەلا، ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «بۆشۈكتىن ـ تۆشۈككىچە ئىلىم ئۆگىنىش كېرەك» دەپ، ئىبادەت مۇسۇلمانلارنىڭ، ئىلىم ـ پەن باشقىلارنىڭ ئىشى ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكەن.

«ئېتىز، بۇغداي، قوناق...»نىن ئۆزگىسى يادىڭغا كەچمەيدۇ،
ئەقىل، كۈچنى خوراتىنىڭ ئىسكى كەتمەن ـ «كۈيىۇ ـ كۈيىالڭ»غا
«ئوقۇيمەن!» دەپ تىرەجەپ يىغلىسا سەن زورلىغاچ تويغا،
يىشى ئون ئۈچ شۇ دىلپارەڭ ـــ قىزىڭ ئايلاندى چوكانغا.
ئوماق ئوغلۇڭ زامانى پەن كۆككە ئۆرلىمەكچىدى،
چىقاردىڭ مەكتەپدىن، بالقتى قوي ـــ ئايلاندى چوپانغا.

ئايال ـ مەزلۇملىرىڭدىن قىزغىنىپ نۇر، ئاسقۇزۇپ چۈمبەل،
«بۇگۈنكى ئۆپكە ئەلا...» دەپ پۈچەك دان توشتى دىيياڭغا.
قېنى، ئېيت مىللىتىم، دائىم ئۆتەمدۇ كۈنلىرىڭ شۇنداق،
ھەۋەس ئەيلەشتە كۆز چىمچىقلىتىپ ياتقانغا، قوپقانغا؟...

بىزغۇ جاھالەتنىڭ ئازغۇن سازلىق ـ پاتقاقلىقىدا ئۆمرىمىزنى زايە قىلدۇق، تارىخنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك توغرىسىدىكى نادىر ناۋالىرىنى قاشتاق سەزگۈمىز سىقىپ چىقاردى. تارىخ نەپەس ئالالىبىز غەلىبە قىلدۇق دەپ كۆرەڭلەپ كەتتۇق. بىراق، بوغۇلغان قانۇنىيەتلەرنىڭ قىساس خەنجىرى كۆلەڭگۈدەك غەم ھاپاشلىغان «پەخىرلىك» تۇيغۇمىزنى لەرزىگە سالسا، ئىترەپ تۇرۇپ نوۋاقلىپ ئارقىدىنلا تېنىۋالدۇق، چاڭقاقلىقىمىزنى جاھانغا جاكارلىدى.

باللار ـــ بىز قىزغىن سۆيۈپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان، كېلىچەككە يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئۆچمەس مەشئەل. لېكىن بىز ئازغىنە پۇلنى دەپ چوڭ خاتالىقتا يول قويدۇق. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ قاناتلىرىغا دۇنيانىڭ ئېغىر تاشلىرىنى باغلاپ، غايە گۈلشەندىن مەجبۇرىي يۇلۇپ، كەلگۈسىنىڭ قان ـ يىرىڭ قايىنىغان دوزىقىغا كۆلۈپ تۇرۇپ قاتىل تەبەسسۇم بىلەن ئىتتىردۇق.

بىزدە ئىستىقبال قايغۇسى ئەمەس، پۇل قايغۇسى ئەۋج ئالدى. چاكىنا ئادەتنى ئالتۇن ھەل بىلەن بېزىدۇق. ئاياللارغا ھاياسىزلارچە مەپتۇن بولۇپ، ئىرىكلىك ۋىجدانىنىڭ يۈزىگە قاراسۇركىدۇق. سۇخەنچىلىك قىلدۇق. سەمىمىيلىك ئەنقا قۇشتەك غايىب بولدى. بىر ـ بىرىمىزنىڭ كەينىدە گەپ توقۇشۇپ، ئۆسەكلەرنى ئويدۇرۇپ چىقاردۇق. بەخت ـ تەلەينى، ھوزۇر ـ ھالاۋەتنى داڭقان پۈتى بۆھتانلاردىن ئىزلىدۇق.

«رىقابەت، مەرىپەتنىڭ ئالمى بۇ ـــ باشقىچە ئالەم،
ئېلېكترلەشتى بۇ كەمدە قازان ھەتتا ئوچاقلارمۇ!
جاھان مىللەتلىرىنىڭ سەپ قاتارى بىزگىمۇ مەنسۇپ،
بۇ مەنسۇپلۇق «بىلىش»تە! بىز بىلەلمەس دۆت ـ قاپاقلارمۇ؟

تونجۇققان، ئۇنسىز قايناۋاتقان روھىيەت قاتلىمىغا چۆككەن نادىر تەپەككۇرغا، ئاتەشلىك پەرۋازغا ئاپىرىن! بىز ئۆزلۈكىمىزنى مۇشۇنداق رەھىمسىزلەرچە ئوپېراتسىيە قىلىش بەدىلىگە يېڭىلىق يولىغا كىرەلەيمىز. ئۇخلاۋاتقان ئادەم چۈشىدىن قورقىدۇ، ئويغانغان ئادەم رېئاللىقتىن قورقمايدۇ.

(ئاپتور: قاغىلىق جايتېرەك يېزا سۇلتانئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدۇ)

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

مۇتەللىپ سىدىق

| توغرا ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| ئابدۇلقەھھار | (ئە)ئابدىقاھار، قاھار | ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقەييۇم | (ئە)ئابدىقەييۇم، قەيۇم،قېيۇم | مەڭگۈ داۋام قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقايىم | (ئە)قايىم | 〃 〃 〃 |
| ئابدۇلقادىر | (ئە) ئابدىقادىر، قادىر | ھەممىگە قادىر ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقابىل | (ئە)ئابدىقاۋىل، قاۋىل | قابىل ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقەمەر | (ئە) ئابدىقەمەر، قەمەر | قەمەرنىڭ قۇلى («قەمەر» نىڭ مەنىسى ئۈچۈن «ق» بابىغا قاراڭ) |
| ئابدۇلقۇددۇس | (ئە) قۇددۇس، قۇدۇس | ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلكەبىر | (ئە) ئابدىكۆبىر، كۆبىر | ھەممىدىن ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلكەرىم | (ئە) ئابدىكېرىم، كېرىم، كىرىم | سېخى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلكامىل | (ئە) ئابدىكامىل، كامىل | كامىلنىڭ قۇلى |
| ئابدۇللا | (ئە) ئابلا، ئابدۇل | ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇللەتىپ | (ئە) ئابلىتىپ، لىتىپ | شەپقەتلىك، كۆيۈمچان ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇتەلىپ | (ئە) ئابدۇلمۇتەللىپ، ئابدۇمۇتەللىپ، مۇتەللىپ | ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ قۇلى |
| ئابدۇلمەجىد | (ئە) ئابدىمىجىت، مىجىت | ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇراد | (ئە) ئابدىمۇرات | مۇرات بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمالىك | (ئە)ئابدىمالىك، مالىك | ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇھىد | (ئە) مۇھىت، مۇيىت | ھەممىنى باشقۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇئمىن | (ئە) ئابدىمۆمىن، مۆمىن | ئىمان ئېيتقۇچىنىڭ قۇلى |
| ئابدۇلمۇمىت | (ئە) | ھەممىنى ئۆلتۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇجىب | (ئە) مۇجىپ | تىلەككە يەتكۈزگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇھى | (ئە) مۇھى | مەڭگۈ ھايات ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇقسىت | (ئە) مۇخسىت | ئادىل ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇقىت | (ئە) مۇقىت | پەرۋىش قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمەسىر | (ئە) | تەقدىرنىڭ قۇلى |
| ئابدۇلمەقسۇد | (ئە) ئابدىمەخسۇت، مەخسۇت | مەقسەت قىلىنغۇچىنىڭ بەندىسى |

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىسىملار

| ئىسىملار | مەنىسى ياكى ھازىرقى ئاتىلىشى |
|---|---|
| بارچا تۇغمىش | ھەممىسى تۇغقان. |
| بارس | يولۋاس |
| بارغۇت | قەبىلە نامى |
| بارغۇت كۈن | بارغۇت: ئىسمى، كۈن: سۈپىتى |
| بارمان | دۆلەتمەن |
| بارلىغ | باي ئادەم |
| باسا تەمۇر | تەمۇر (تۆمۈر): ئىسمى، باسا (ياردەم): سۈپىتى |
| باسمىل | قەبىلە نامى |
| بارسغان | يولۋاسنەك خان |
| باسۇت | ياردەمچى، يۆلىگۈچى |
| باشلاغ | باشلىق، باشلىغۇچى |
| باقلان | پاقلان |
| بۇقا | بۇقا (ھايۋان ئىسمى) |
| بۇقا خان | بۇقىدەك كۈچلۈك خان |
| بالتۇ | پالتا |
| بولان | بىر خىل ھايۋان ئىسمى |
| بالىغ | (1)شەھەر، قەلئە (2) بېلىق |
| باياغۇت | دۆلەتمەن باي |
| باي تەمۇر | تەمۇر: ئىسمى، باي سۈپىتى |
| بەرك | كۈچلۈك ساغلام |
| بەكرىش | مۇستەھكەم |
| بەكتۇر | چىڭ تۇر |
| بەگ | بەگ، خان، شاھزادە، ئەر، ئەركەك |
| بەگى | بەگدەك |
| بەگ ئارسلان | ئارسلاندەك ئەر |
| بەگ بۇقا | بۇقىدەك كۈچلۈك ئەر |
| بەگتاش | تاشتەك مۇستەھكەم ئەر |
| بەگ تەمۇر | تۆمۈردەك بەگ |
| بىلگە | ئالىم، دانىشمەن، بىلىملىك |
| بىلگە بەگ | دانىشمەن بەگ |
| بىلگە قاغان | دانىشمەن خاقان |
| بىلگە تۇتۇق | بىلىملىك، ئىدارە قىلغۇچى، مەرتىۋىلىك |
| بىلگە قاتىن | بىلىملىك مەلىكە |
| بۆگۈ | بىلىملىك، ئەقىللىق |
| بۆگۈ بىلگە | ئەقىللىق ئالىم |
| بۆگۈ خان | دانىشمەن پادىشاھ |
| بۆگۈش | ئەقىلدار، دانىشمەن |
| بەدۈك | بۈيۈك، كاتتا، يۈكسەك |
| بىگۈ | ئەقىللىق |
| تابدۇ | تاپار |
| تاردۇش | مەرتىۋە، دەرىجە |
| تارىقچى بەگ | دېھقان يىگىت |
| تاگسۇق | نەپىس، قىممەتلىك، كەم ئۇچرايدىغان |
| تارخان | خان، بەگ |
| تاش | تاشتەك مۇستەھكەم |
| تۇتۇش | كايىماق، قاتتىق سۆزلىمەك |
| تايۇق | تۇيغۇن، زېرەك |
| تەركەن | خاقان پادىشاھ، ۋىلايەت ھۆكۈمدارى |
| تەگىن(تىگىن، تىكىن) | قۇل، شاھزادە |
| تەگىن ئۆگە | بىلىملىك شاھزادە |
| تىمۇر | تۆمۈر |
| تىمۇر بۇقا | تۆمۈردەك بۇقا |
| تورۇم | بوتا (ھايۋان ئىسمى) |
| تورۇمتاي | بىر خىل يىرتقۇچ قۇشنىڭ نامى |
| توسۇن | مىنىلمىگەن ئات |
| تەكىش | ھەر نەرسىنىڭ ئاخىرى |
| تەڭىز | دېڭىز |
| تەڭىزخان | دېڭىزخان |
| تەڭرى | ئىلاھ، تەڭرى، ئاسمان |
| تەڭرىلى | تەڭرىلىك، مۆئمىن |
| تەڭرى تۇغمىش | تەڭرى تۇغقان |
| توغرۇل | بىر خىل يىرتقۇچ قۇش ئىسمى |
| توقىش | جەڭ، ئۇرۇش، توقۇنۇش |
| تولۇن | تولغان، پۈتۈن، تولۇق |
| توگا | قاپلان جىنسىدىن بىر ھايۋان |
| تۇتۇق | مەرتىۋە، ئىدارە قىلغۇچى |

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

# ئىسلام دىنىدىكى بازار قارىشى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى



ئابدۇللا ئىسمايىل

ميلادى 7 - ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنى بارلىققا كەلدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەرەبلەرنىڭ كۆپچىلىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھىجاز رايونى شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتنىشىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ئېغىزلارنىڭ بىرى ئىدى، بۇ رايونلاردىكى مەككە، مەدىنە قاتارلىق شەھەرلەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھەر كىشى ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئالماشتۇراتتى. بۇ چاغدا قەد ·كۆتۈرگەن سودا ئاق سۆڭەكلىرى شۆھرەت تېپىپ، يېرىم ئارالدىن ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپالارغا زور سودا كارۋانلىرىنى ئېلىپ بېرىپ سودا قىلاتتى.

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن، مەككە تەرەققىي قىلىپ، بىر سودا مەركىزىگە ئايلانغان. بۇ يەردىكى خەلقلەر ھېسابلاش ۋە تىجارەتكە ماھىر ئىدى.

بۇ خىل مۇھىتتا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشى تەبىئىي ئىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ كۆپ يىل سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئىسلام دىنى بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزى سودا بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ، سودا پائالىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە قوللىغان ھەمدە كۆپلىگەن بازار نىزامى، سودا ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىنى بايان قىلغان. شۇڭا چەت ئەل ئالىملىرى «سىز ‹قۇرئان›نى ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا، بەزىدە، ئۇنىڭ بىر دىنىي كىتاب بولۇپلا قالماستىن، سودا قوللانمىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز» دەپ ئېيتقان.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس»لەردىكى نەسىھەتلەرگە ئەمەل قىلىپ، سودىنى قەدىرلەپ، ئۇزاق مەزگىللىك سودا تىجارەت پائالىيىتىدە ئىسلام دىنى «قۇرئان»دىكى سودا - بازار ھەققىدىكى بايانلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ماسلىشىپ، ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ ئالاھىدە بولغان بازار قارىشىنى شەكىللەندۈردى. ئىسلام دىنىدىكى بازار قارىشى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىگە نىسبەتەن بەلگىلىك يېتەكچىلىك قىلىدىغان رولغا ئىگە بولۇپ، بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا چوڭ - كىچىك تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلدى. ئىسلام دىنىدىكى بازار قارىشىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ

يېتەكچىلىك قىلىدىغان رولىغا ئىگە بولۇپ، بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا چوڭ - كىچىك تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلدى. ئىسلام دىنىدىكى بازار قارىشىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

**1. ئىسلام دىنى بازارغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، بەلكى بازار بېكىنمە، تاقىۋېتىلگەن ھالەتتە بولماي، ئېچىۋېتىش لازىم، دەپ ھېسابلايدۇ.**

ئىسلام دىنىدا، ئاللا كىشىلەرنى ئېلىپ - سېتىش ۋە باشقا سودا ۋاستىسى بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا پايدىغا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇش چاقىنى پاراۋانلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز ئايلاندۇرۇپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنى سودا تىجارەت بىلەن بازارنى كېڭەيتىشنى بىر خىل ئالىيجاناب ئىش، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. مۇھەممەت پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: «سودىگەر خۇددى دۇنيانىڭ ئەلچىسىدەك، خۇدانىڭ بۇ زېمىندا ئىشىنىدىغان قولى»، «سەممىي سودىگەر جازاغا ئۇچرىغان كۈنىمۇ خۇدانىڭ سايىسى ئاستىدا ئولتۇرىدۇ». ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى بازارغا يۈزلىنىپ، ھالال پايدىغا ئىگە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئىسلام دىنىي ئېتىقادىنىڭ يادروسى، ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش، ئاللا — ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، شەپقەتچىسى، خوجىسى دەپ ھېسابلاشتىن ئىبارەت.

شۇڭا، دۇنيادىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئىش ۋە نەرسىلەرنى ئاللا ئۇقۇمىغا مەنسۇپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئىسلام دىنى بازار رايونلىرىنى تاقىۋېتىشكە قارشى تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى يىراقلارغا بېرىپ، تىجارەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش تارىخىدىن قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا زور تۈركۈمدىكى غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، يىپەك يوللىرىنى بويلاپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن جۇڭگوغا تىجارەتكە كەلگەنلىكى بىر پاكىت.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسلام دىنى يەنە، دەللال — ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل يېتەكچى بولۇپ، ۋاستىچىلىك رولىنى ئويناپ پۈتۈشتۈرۈش بىلەن ئۆزئارا پايدىغا ئىگە بولىدۇ، بۇ قانۇنلۇق ئىش، دەپ ھېسابلايدۇ.

**2. ئەركىن سودا قىلىش ۋە ئادىل رىقابەتلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ، مونوپولىيىگە قارشى تۇرىدۇ.**

ئىسلام دىنى بازاردا تەبىئىي قائىدە - نىزاملار بولۇشىنى، بازارنىڭ رولى — تەمىنلەش - تەڭشەش، دەپ ھېسابلايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، سودا - تىجارەت پائالىيىتىدە رىقابەت مۇئەييەن مۇۋاپىق دائىرىنىڭ ئىچىدە ئەخلاقلىق بولۇپ باھانىڭ تەۋرىنىشىگە يول قويىدۇ. مونوپولىيە ھەرىكىتى ئەخلاقسىزلىق، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئاز ساندىكى سودىگەرلەر مال باھاسىنى مونوپول قىلىپ چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ئەركىن سودىغا زىيان كەلتۈرگەندە، ئىسلام دىنى، مەھكىمە شەرىئەت بويىچە ئارىلىشىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جەمئىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە ئىستېمالچىلارنى ئېكسپىلاتاتورلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىدىن قوغداش ئۈچۈن، باھاغا چەك قويۇش قاتارلىق چارىلەر بىلەن ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مونوپول قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ.

ئىسلام دىنى يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ ئاجىزلارغا بېسىم ئىشلىتىش، ئالداش، ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرىنى چەكلەيدۇ.

**3. بازار نىزامى ۋە سودا ئەخلاقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە بۇ خىل نىزاملارنى يۈرگۈزۈشكە نازارەتچىلىك قىلىدىغان بىر قاتار چارىلەرگە ئىگە.**

1) ئېلىپ - سېتىشتا ئادىل بولۇش، تارازىدا ئاشكارا بولۇش، «ئى قەۋمىم، سىلەر، ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار». («قۇرئان كەرىم» 11 - سۈرە 84 - ئايەت)

2) سەممىي تىجارەت قىلىش، ئالدامچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش.

ئىسلام دىنى سودىدا ئادىل، سەممىي بولغان - بولمىغانلىقى دىنىي ئېتىقادقا ئىخلاسمەن بولغان - بولمىغانلىق بىلەن باغلايدۇ. بولۇپمۇ، سەممىي تىجارەت قىلىش پرىنسىپىنى تەكىتلەيدۇ. «بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار» («قۇرئان كەرىم 2 - سۈرە 187- ئايەت). ئېلىپ - سېتىش پائالىيىتىدىكى ئالدامچىلىق ھەرىكىتىگە، ئىسلام دىنى قاتتىق جازا بىلەن چەكلەشنى، سەممىي سودىگەرلەرنى مۇكاپاتلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئالدامچىلىق بىلەن پايدا ئالغانلارنى ئۇ دۇنيادا ئىلان - چايانلار بىلەن تىرىلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

3) جازانىخورلۇق چەكلىنىدۇ. قەرز ئىشلىرىنى تىزىملاشتا قائىدە - نىزام بولۇشنى تەكىتلەيدۇ.

ئىسلام دىنى — قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئۇقۇمىنى خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، باي ئائىلىلەر كەمبەغەللەرگە قەرز بېرىپ، نامراتلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېڭىشكە ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. قەرز ئىشلىرىنى تىزىملاش ھەققىدە كۆپلىگەن كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان.

ئىسلام دىنى جازانىخورلۇقنى قاتتىق چەكلەيدۇ.

«جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەمدەك قوپىدۇ.بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللا ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ، سودا- سېتىق جازانىگە ئوخشاش، — دېدى» («قۇرئان كەرىم» 2- سۈرە 274- ئايەت)

4) توختامدا، ۋەزىدە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنى تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى توختام، كېلىشىم، ئىلتىخەت ئۈستىگە قويىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ كلاسسىك ئەسىرىدە توختام، ۋەزىدە تۇرۇشنى سودا ئەخلاقىنىڭ مۇھىم تەرىپى سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان «ئادالەت»مەزمۇنىدا «ۋەدىنى ئورۇنداش»دېگەن گەپ بار. «ئى مۆمىنلەر مۇددەت بەلگىلەپ، ئۆز ئارا قەرز بېرىشكەنلار، ئۇنى (ھۆججەت)قىلىپ يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم - زىيادە قىلماي)ئادىللىق بىلەن يازسۇن». («قۇرئان كەرىم» 2- سۈرە 281 - ئايەت).

5) بازارغا ئېلىپ چىقىشقا بولمايدىغان بىرمۇنچە تاۋار ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتىنى چەكلەش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار چەكلىگەن يېمەكلىكلەر (چوشقا گۆشى، ھارام بولۇپ قالغان گۆش، ھاراق قاتارلىقلار) بىلەن مەست قىلىدىغان، زەھەرلەيدىغان بۇيۇملارنى (خروئىن، كوكايىن، ئەپيۇن، نەشە قاتارلىق) سېتىشنى مەنئى قىلىدۇ. پىشمىغان مېۋىلەرنى سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ. سۈرەت، شەھۋانىي بۇيۇملارنى سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ، ھەتتاكى كىشىلەرنىڭ شەھۋانىيلىق، رەمباللىق، قىمار قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن پايدا ئېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.«ئى مۆمىنلەر، بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش)يوللىرى بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولغان سودا بۇنىڭدىن مۇستەسنا»(«قۇرئان كەرىم» 4 - سۈرە 28 - ئايەت).

ئىسلام دىنىنىڭ بازار قارىشى مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تېخى تەرەققىي قىلمىغان شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، زامانىۋىلاشقان بازار ئىگىلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئارىلىق خېلى يىراق بولسىمۇ، بىراق ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ بازار قارىشى، بازار ئىگىلىكىدە كۈچلۈك ماسلىشىشچانلىققا ئىگە. ئۇ ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدىكى بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىپلا قالماي، تەرەققىياتى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى بازار ئىگىلىكىگىمۇ ماسلىشىدۇ.

(ئاپتور:ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسىدىن)

تەھرىرى: ئەكبەر ئىلى

# زوگلاك مازار

ئابدۇلئەزىز ماموت



قاغىلىق ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدىن بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، شىنجاڭ — شىزاڭ تاشيولى باشلىنىدىغان «ئاچال» دەيدىغان بىر جاي بار. بۇ يەردىن جەنۇبقا قاراپ 14 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن شەرقىي - جەنۇبقا قايرىلىپ، زوگلاك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلۇغئۆستەڭ دەرياسىنىڭ قىنىنى بويلاپ داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ ئالتە كىلومېتىر ماڭسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدىكى كەڭ كەتكەن دەشت توساتتىن ياپيېشىل بىر دۇنياغا ئۆزگىرىدۇ. مانا بۇ — جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە داڭلىق ساياھەتگاھ زوگلاك مازىرىدۇر.

تاغ، سۇ ۋە يېشىللىق مەنزىرىلىرى مۇجەسسەملەنگەن بۇ تەبىئىي سەيلىگاھتا بۇلاق سۇلىرى ھەممە جايدا زۇمرەتتەك كۆۋەجەپ تۇرىدۇ، تۇپرىقى نەمخۇش، يەر يۈزىنى ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر قاپلاپ تۇرىدۇ. ئۇلۇغئۆستەڭ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ئېگىزلىكى 140 مېتىر كېلىدىغان تاشلىق چال قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. چالنىڭ چوققىسىدا سۇلتان سۇبۇر ۋەلى غارىنىڭ قەبرىسى بار. چالنىڭ ئاستىدىن بۇلاق سۇلىرى تەپچىپ تۇرىدۇ ۋە ئاستى تەرەپتىكى دىئامېتىرى ئون مېتىرچە كېلىدىغان يۇملاق بۇلاققا چۈشۈپ، ئاندىن ئايىغى دەرياغا قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. چالنىڭ تۆۋىدە ئۆمرى 100 يىلدىن ئاشقان تۆت تۈپ قەدىمكى سۆگەت دەرىخى بار بولۇپ، دىئامېتىرى بىر مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ. بۇ سۆگەتلەرنىڭ تېنى بىر نەچچە جايدا يەرگە يېتىپ، يىلتىزلاپ، يەنە يۇقىرىغا قاراپ ئۆركەشسىمان ئۆسۈپ تۇرغان بولۇپ، خۇددى كۆككە پەرۋاز قىلىشقا تەييار تۇرغان غەلىتە مەخلۇقاتنى ئەسلىتىدۇ، بۇ ھال بۇ مەنزىلگە سىرلىق تۈس بېرىپ، كىشىنى ئاجايىبانە خىيالىي دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

بۇ يەر ئەزەلدىن كىشلەرنىڭ سەيلى - ساياھەت قىلىدىغان ئورنى بولغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ جايدىكى بىر مەسچىت بىلەن ئىككى - ئۈچ ئېغىز تۈنەكخانا چېقىۋېتىلگەن. ھازىر چالنىڭ تېگىدىكى بىر ئېغىز تاش ئۆي ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، مازارغا قارايدىغانلار ئولتۇرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مەلۇم مەبلەغ ۋە ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ، بۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ بەرپا قىلىپ، زوگلاك مازىرىنى يېڭىچە ساياھەت ئورنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ.

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى

# تۇنجى قېتىم پاي چېكى سېتىۋالغاندا ...

تۇنجى قېتىم پاي چېكى بازىرىغا قەدەم قويغاندا، پاي چېكى بازىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى بىلەن تونۇشۇۋېلىش ھەم تۆۋەندىكى ماھارەتلەرنى ئىگىلەش لازىم:

(1) ۋەكىل خاراكتېرلىك بازىرى چاققان پاينى تاللاش. بازىرى چىققان پاينىڭ بازار خاراكتېرى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىۋېتىش بىر قەدەر قولايلىق.

(2) ئىستىقبالى ياخشى، پاي ئۆسۈمى يۇقىرى پاي چېكىنى تاللاش. بۇ خىلدىكى پاي چېكىنىڭ بازار باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى نىسبەتەن ئېنىق ھەمدە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پاي باھاسى ئۆرلەپ تۇرىدۇ.

(3) پاي چېكىنىڭ «پەسىل خاراكتېرلىك» ئالمىنى ئىگىلەش. بەزى پاي چەكلىرىنىڭ بەزىدە بازىرى چاققان، بەزىدە بازىرى كاساتلىشىدۇ، ئەگەر مۇشۇ قانۇنىيەتنى ئىگىلىۋالسا چوقۇم پايدا ئالالايدۇ.

(4) ھەددىدىن ئارتۇق ئاچكۆزلۈك قىلماسلىق كېرەك. تېگىشلىك پايدا كۆرگەندىلا بولدى قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ پاي چېكى ھايانكەشلىرى، مۇۋاپىق پايدىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، دەرھال بولدى قىلىش كېرەك، ئاچكۆزلۈك قىلماسلىق لازىم.

(قادىر توختى ـ ت)

# 3 ـ كەسىپنىڭ كېلىپ چىقىشى

3 ـ كەسىپ ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىدىن باشقا ئەڭ ئالىي ئېھتىياجىنى قامدايدىغان كەسىپ، «3 ـ كەسىپ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپ ئەنگلىيىلىك ئىقتىسادشۇناس، يېڭى زېلاندىيە ئوتاگى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئا. فىشېرنىڭ 1935 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «بىخەتەرلىك ۋە تەرەققىياتنىڭ توقۇنۇشى» ناملىق كىتابىدىن كەلگەن. فىشېر: بۇ ئاتالغۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە: 1 ـ كەسىپ ئىنسانلارنى ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. 2 ـ كەسىپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باشقا ئېھتىياجلارنى قامدايدۇ، 3 ـ كەسىپ بولسا ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىدىن باشقا ئەڭ ئالىي ئېھتىياجىنى ــ تۇرمۇشقا ئوڭايلىق يارىتىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ھەر خىل مەنىۋى ئېھتىياجلارنى قامدايدۇ. كېيىن ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيىنىڭ ستاتىستىكا تارماقلىرىدا، ئۈچ قېتىملىق كەسىپنىڭ تۈرگە ئايرىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلدۇ. 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيىلىك ئىقتىسادشۇناس كېلىن كىراك «ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ شەرتى» دېگەن كىتابىدا «3 ـ كەسىپ» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى كەڭ قوللىنىدۇ. كېيىن كىراك يەنە «مۇلازىمەت كەسپى» دېگەن ئاتالغۇنى «3 ـ كەسىپ» نىڭ ئورنىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە كېيىنكى ئىقتىسادشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەردە «3 ـ كەسىپ» تىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ داۋاملىق قوللىنىلدۇ ھەم فىشېر بىلەن كىراك بۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلىنىڭ ئىجادچىلىرى دەپ قارىلىدۇ.

(ئالىمجان ھەسەن ـ ت)

# «تاماق يېدىڭىزمۇ؟» نىڭ كېلىپ چىقىشى

«تاماق يېدىڭىزمۇ؟» دېگەن بۇ سۆز ئېلىمىز خەلقىنىڭ ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ئادەت سۆزى، نېمە ئۈچۈن بۇ سۆز مۇشۇنداق ئادەت سۆزگە ئايلىنىپ قالغان؟ بۇنىڭ كېلىش جەريانى بار، ئىلگىرىكى زامانلاردا مەملىكىتىمىز ئاھالىسىنىڭ كۆپ سالمىقىنى ئىگىلەيدىغان ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ نامراتچىلىقتا ئۆتكەنىدى، كۆپلىگەن كىشىلەر ئاساسەن ئاچ قورساق يۈرۈشەتتى. ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى بىرەر ۋاق تاماق يېيىش مەسىلىسىلا ئىدى. كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمۇ تاماق يېيەلىگەن ياكى يېيەلمىگەن مەسىلىسىلا ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن سورايدىغىنى «تاماق يېيەلىدىڭىزمۇ؟» سۆزىدىن ئىبارەت ئىدى. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن «تاماق يېدىڭىزمۇ؟» دېگەن سۆز ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ھال ـ ئەھۋال سورىشىدىغان ئادەت سۆزگە ئايلىنىپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان. ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان ئەدەب سۆزلىرى بۇ خىل ئادەت سۆزنىڭ ئورنىنى ئالدى.

(ئالىمجان ھەسەن ـ ت)

# كىشىلەرنى جەلپ قىلاي دېسىڭىز ...

ئادەم ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى يېتىشتۈرۈشنى بىلىۋالغاندىلا، خىزمەت ئورنىدا باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكىلى، ھەرقانداق ئىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىغان كىشىلەر ئادەتتە بىر قەدەر جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە كىشىلەر ھېسابلىنىدىكەن.

(1) ئوخشاش بولمىغان پىكىردىكى كىشىلەرنى چەتكە قاقماسلىق، ئۆزىگە تەنقىد بەرگەن كىشىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە؛ (2) ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىق؛ (3) كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىدە مۇلايىم بولۇش، ئىشلارنى پۇختا بىر تەرەپ قىلىش؛ (4) چېكىدىن ئاشقان رەزىللىكلەردىن خالىي بولۇش؛ (5) ئاسانلىقچە ئاچچىقلانماسلىق؛ (6) قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنۈش؛ (7) مىجەزى ئوچۇق، كىشىلىك تۇرمۇشقا نىسبەتەن قىزغىن پوزىتسىيىدە بولۇش؛ (8) يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە باي بولۇش، ئەتراپتىكى كەيپىياتقا خۇشاللىق بېغىشلاش؛ (9) باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، قول ئاستىدىكىلەرنى قورال دەپ قارىماستىن، بەلكى ھەقىقىي تۈردە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش؛ (10) قىزغىن بولۇش؛ (11) بىر قەدەر كۈچلۈك خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش؛ (12) قارشى تەرەپنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئېيتقۇزالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش؛ (13) ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇش؛ (14) ئومۇم بىلەن شەخسنى ئېنىق ئايرىش.

(ئالىيە يۇنۇس ـ ت)

# مەملىكىتىمىزدىكى ئالتە قەدىمكى پايتەخت

مەملىكىتىمىزدىكى ئالتە قەدىمكى پايتەخت شىئەن، بېيجىڭ، نەنجىڭ، كەيفېڭ، لوياڭ ۋە خاڭجۇدىن ئىبارەت. شىئەننى (قەدىمكى دەۋردە چاڭئەن دەپ ئاتىلاتتى) پايتەخت قىلغانلار — غەربىي جۇ، چىن، غەربىي خەن، سۇي، تاڭ سۇلالىرى.

بېيجىڭنى پايتەخت قىلغانلار — جۇڭچيۇ دەۋرىدىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەردىن يەن ۋە لياۋ، جىن، يۈەن، مىڭ، چىڭ قاتارلىق سۇلالىلەر ھەم مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى.

نەنجىڭنى پايتەخت قىلغانلار — ئۈچ پادىشاھلىق ۋاقتىدىكى ۋۇ، شەرقىي جىن، جەنۇبىي سۇلالىدىكى سۇڭ، چى، لياڭ، چېن، بەش دەۋردىكى جەنۇبىي تاڭ ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى، تەيپىڭ تيەنگو ھەم شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى.

كەيفېڭنى پايتەخت قىلغانلار — يىغىلىق دەۋردىن ۋېي، بەش دەۋردىكى لياڭ، جىن، خەن، جۇ ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى.

لوياڭنى پايتەخت قىلغانلار — شەرقىي جۇ، شەرقىي خەن، ئۈچ پادىشاھلىقتىكى ۋېي، غەربىي جىن، شىمالىي ۋېي، بەش دەۋر، ئاخىرقى تاڭ سۇلالىسى.

خاڭجۇنى پايتەخت قىلغانلار — ۋۇيۈە، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى.

# تاڭلىقلار كوچىسى...

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە ئۇنىڭ نامى چەت ئەللەرگىچە تارقالغان ئىدى. شۇنىدىن كېيىن ھەرقايسى مەملىكەتلەر جۇڭگولۇقلارنى «تاڭلىقلار» دەپ ئاتاشقان، «تاڭلىقلار كوچىسى» دېگىنىمىز — جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ياكى جۇڭگو قان سىستېمىسىدىن بولۇپ چەت ئەل تەۋەلىكىدە بولغان كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەلۇم مەملىكەتنىڭ شەھەر كوچىلىرى ياكى رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ تەنشياڭشەن، ۋاشىنگتون ۋە ئەنگلىيىنىڭ لوندون قاتارلىق شەھەرلىرىدە «تاڭلىقلار كوچىسى» بار.

(جەمىلە ئېلى ـ ت)



## ساھىبجامال بېلىق

بېلىق تۇتۇشقا ئامراق بىر ئەر، تۇتتۇۋالغان بېلىقلىرىنىڭ چوڭلىرىنى ئاللاپ سۆزمىكە ئارتىپ، ئىسمى، ئېغىرلىقى، تۇتۇلغان ئورنى ۋە ۋاقتىنى يېنىغا يېزىپ تامغا چاپلاپ قويۇپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا قاراپ ھوزۇر ئالىدىكەن.

بۇنىڭغا چىدىمىغان خوتۇنى ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى كارتوچكىنىڭ بېشىغا ئېسىپ، ئاستىغا: «ئىسمىم ساھىبجامال بېلىق، ئېغىرلىقىم 49.5 كىلوگرام، بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى خەلق باغچىسىدىن تۇتتۇۋېلىنغان» ـ دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

## دوختۇرغا كۆرسىتىش

دوختۇر: بۇ بالا نېمە بولدى؟

دادىسى: ئالام بەقەت شوك تۇرالمايدۇ.

دوختۇر: قانداق ئىپادىلىرى بار؟

دادىسى: ئۇ دەرس ۋاقتىدا بىردەم بىر نەرسە يېسە، بىردەم ئويۇنچۇق ئويناپ ئولتۇرىدىكەن، يەنە ساۋاقداشلىرىنىڭ يانچۇقىغا قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى سېلىپ قويىدىكەن. ئوقۇتقۇچىسى تەنقىد قىلسا، ئۇ تېخى ئالىملارنىڭ مەشھۇر سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدىكەن.

دوختۇر: قايسى مەشھۇر سۆزنى؟

دادىسى: ھاياتلىق ھەرىكەتتە، دېگەن سۆزنى.

## ئاچقۇچ ئۇتتۇۋېلىش

– بۇھار، 38 – يومۇرلۇق مەھبۇس قانداق قېچىپ كەتتى؟ ـ دەپ سوراپتۇ تۈرمە باشلىقى گۇندىپايدىن.

– ئۇنىڭدا ئاچقۇچ بار ئىكەن باشلىق.

– ئۇ ئاچقۇچنى قانداق ئوغرىلىۋالدى؟

– ئوغرىلىۋالمىدى باشلىق، قىمار ئويناپ ئۇتتۇۋالدى.

## ئېسىل ھاراق

ياش بىر ئىشچى خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇش نىيىتىدە زاۋۇت باشلىقىنى مېھمان قىلىپ ھاراق قويۇپتۇ.

رومكا ئىككى، ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن، ياش ئىشچى خىزمەت ئالماشتۇرۇش ئىلتىماسى بىلەن قەلەمنى باشلىقنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئىچىپ تەڭشىلىپ قالغان زاۋۇت باشلىقى ئىلتىماسنىڭ ئۈستىگە تازا كېلىشتۈرۈپ «ئېسىل ھاراق ئىكەن» ـ دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

## سەۋەب

ئېرى: سىز قاچانمۇ ئانامغا ئوخشاش ئاشۇنداق مەززىلىك تائاملارنى ئېتەلەيدىغان بولارسىز؟

ئايالى: ئاپىقان پۇلىڭىز دادىڭىزدەك كۆپ بولغان چاغدا.

## قانداق قىلىشنى بىلمەسلىك

لوس: ئىككىڭلار بىر بىرىڭلارنى شۇنچە ياخشى كۆرۈشۈپ تۇرۇپمۇ يەنە نېمە ئۈچۈن توي قىلمايسىلەر؟

مارى: ھەي ئۇنى بىر دېمە، ئۇ مەست بولۇپ قالغاندا، مەن ئۇنىڭغا تېگىشكە ئۇنىمايمەن. مەستلىكتىن ئېسىلگەندە، ئۇ مېنى ئېلىشقا ئۇنىمايدۇ.

## جايىدا بېرىلگەن تەربىيە

ھارىي ئەر ـ خوتۇن بېلىق تۇتقىلى چىقىپتۇ، ھارىينىڭ خوتۇنى ئاغزى تىنماي سۆزلەۋېرىپتۇ، شۇ ئەسنادا بىر بېلىق قارماققا ئىلىنىپتۇ. ھارىينىڭ خوتۇنى يەنە:

ـ ھەي، بۇ بېلىققا ئەجەب ئۇۋال بولدى— ھەـ دەپتۇ. ھارىي ئەپەندى:

– شۇنداق، ئۇ ئاغزىنى يۇمۇپ يۈرگەن بولسا، مۇشۇ





كۈلكە خۇرجۇنى

# كۈلكە خۇرۇچلىرى

ئاقىۋەتكە قالمايتتى — دەپتۇ.

(ئەخمەت مۇسا — ت)

## پىيىز پېلتى قاپتۇ

بىر جۇپ ئەر - خوتۇن يۇك - تاقلىرىنى ئاران كۆتۈرۈشۈپ ۋوگزالغا كىرىپ كەپتۇ.

– ئاپلا، پىشانىنى ئالغاچ كەلسەك بوپتىكەن، – دەپتۇ ئېرى.

– نېمە دەپ جۆيلىۋاتىسىز — دەپتۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان خوتۇنى.

– جۆيلىگىنىم يوق، راست دەۋاتىمەن، — دەپتۇ ئېرى ئۇلۇق كىچىك تىنىپ، – پىيىز بېلتى پىشانىنى ئۈستىدە قاپتۇ ئەمەسمۇ.

## ئىنىسى ئاشقان كەمپىت

– موما، بۇ كەمپىتنى يەپ بېقىڭە.

– رەخمەت ساڭا قوزام.

– تاتلىقمىكەن؟

– بەك تاتلىقكەن.

– قىزنىڭ ئىش كەمپىت شۇنچە تاتلىق تۇرسا، ئىت بىلەن مۇشۇكنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويسام نېمىشقا چىقىرىۋەتتىكىنە.

## كۆيىنى ئالداش

بىر خېرىدار ئۆزى سېتىۋالغان مالنى ماگىزىنغا كۆتۈرۈپ كىرىپ، پىركازچىكنى ئەيىبلىگىلى تۇرۇپتۇ:

– تۈنۈگۈن مەن مال سېتىۋالغاندا سىز بۇنىڭ ساپ يۇڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىڭىز، ئۆيگە بېرىپ ئېچىنى ئاچسام يۈز پىرسەنت پاختا دېگەن ماركا چىقتى.

– ھە، خانىم سىز ھەرگىزمۇ مېنى ئالداپتۇ دەپ قالماڭ، ئۇ ماركا پەقەت كۆيىنى ئالداش ئۈچۈن سېلىپ قويۇلغان.

## ئىش سوراش تۈرى ئەمەس

– بانان بارمۇ؟

– يوق.

– نەشپۈتچۇ؟

– سېتىلىپ بولدي.

– ئالمىمۇ سېتىلىپ بولدىمۇ؟

– بىزنىڭ بۇ دۇكاندا ئالما سېتىلمايدۇ.

– ئۇنداقتا سىلەردە نېمە بار؟

– كەچۈرۈڭ، بۇ ئىش سوراش تۈرى ئەمەس، بەلكى مېۋە - چېۋە دۇكىنى.

## ئۆزۈم ئىشلەيتتىم

– بوۋا سىز بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا تاپشۇرۇقنى ئۆزىڭىز ئىشلەيتتىڭىزمۇ ياكى باشقىلار كەپ بېرەتتىمۇ — دەپ سورىدى سېرىيۈژا.

– ئەلۋەتتە ئۆزۈم ئىشلەيتتىم، باشقىلارنىڭ كۆپ بېرىشى ياخشى ئەمەس.

– ئۇنداق بولسا مېنىڭ بۇ تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەڭ، مەن ئازراقمۇ دەپ بەرمەيمەن.

## ئۇ قالسۇن

ئايال خوجايىن يىگىدىن كەلگەن بالا باققۇچىدىن سوراپتۇ:

– سىزنى بۇرۇنقى ئىش ئورنىڭىزدىن نېمە ئۈچۈن كەتكۈزۈۋەتكەن؟

– بىر قېتىم بالىنى يۇيۇنۇشىدا ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بالىسى — ئاپا ئۇنى ئېلىپ قالايلى، — دەپتۇ.

(ئەبەي ۋوسىمىن، رەسىمىنى تەرجىمە قىلغان)



**سوئال:** بەزىلەر «پۇل ئايغىچە دوستسىز ئاپ» دېيىشكەن، سىزنىڭچە پۇل بولسىلا دوست دېگەن ئۆزى كېلەمدۇ، دېيىمەن؟

— قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا بوستان توغراق باشلانغۇچ مەكتەپتىن: تۇختىتۇمۇر ھەسەن

**جاۋاب:** تۇغرا، بىراق پۇلىڭىز تۈگىگەندە دوستىڭىزمۇ كېتىدۇ-دە.

**سوئال:** مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇنىڭ پۇتى ناھايىتى تېز ئۆسمەكتە، ھازىر 43- رازمېرلىق ئاياغ كىيىدۇ، ئۇ پۇتىنىڭ يەنە ئۆسۈشىدىن ئەنسىرەپ، تۇزۇكرەكمۇ سەكرىيەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پۇتى يەنە ئۆسىدىغان بولسا ئۇنىڭ پۇتىغا لايىق كېلىدىغان ئاياغ چىقماسلىقى مۇمكىن، بۇنى قانداق قىلساق بولار؟

— گۇما ناھىيە قوشتاغ ئوتتۇرا مەكتەپتىن: ئابلىمىت ئىلياس

**جاۋاب:** ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، زۆرۈر بولسا، ھازىر پۇللا بەرسىڭىز دوستىڭىزنىڭ پۇتىغا لايىق كېلىدىغان ئەمەس، دوستىڭىزنىڭ ئۆزىنى يېمەي قويىدىغان ئاياغ تىكىدىغان موزدۇزلار بار.

**سوئال:** مېنىڭ داڭلىق ئاۋاز ئارتىسى ھاۋاخان ھېيتنى بەكلا كۆرگۈم بار ئىدى. بىراق ھازىرغا قەدەر كۆرەلمەيۋاتىمەن. ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن قانچىلىك مەبلەغ كېتەر؟

— خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى سودا سىنىپىدىن: كۆرمەھەممەت

**جاۋاب:** 50 يۈەن پۇلنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «تىلىمەپ ۋە تەقدىم» پروگراممىسىغا ئەۋەتىپ بەرسىڭىزلا ھاۋاخاننى كۆرەلەيسىز.

**سوئال:** مەن خېلى ياش قاتۇرۇپ يازغان ئەسەرلىرىمنى گېزىت-ژۇرناللارغا ئەۋەتسەم زادىلا چىقمىدى. لېكىن بەزى يازغۇچىلارنىڭ يازغانلىكى ئەسىرى داۋاملىق چىقىپ تۇرىدىكەن. سىزنىڭچە تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئۇلار بىلەن قەلەم ھەققىدە شېرىكمۇ-قانداق؟

— يۇقىرىقى ئادرېسىتىن: مەمەتجان ئابدۇللا

**جاۋاب:** سىزنىڭچە سىز ئەقىل-پاراسەتتىن ئورۇنسىز گۇمانلانغاندىن كۆرە، بىشىڭىزنى يېمەي قاتۇرۇڭ. ئىشىنىمەنكى بىر كۈنى سىزنىڭمۇ بىشىڭىز ئەقىلىڭىزدىكى قانداق گېزىت-ژۇرناللاردا چوقۇم ئەسىرىڭىز ئېلان قىلىنىدۇ.

**سوئال:** بىر دوستۇم ماڭا: «بىر نەچچە خىل ھەزىل سوئال تەييارلىغان ئىدىم. ئەۋەتىپ سوراپ باقاي دېسەم، ئادەمنى يەرگە قارىتىپ يۈرىدىغان قاملاشمىغان جاۋابلارنى بېرىپ يۈرەمدىكىن دەپ ئەۋەتمىدىم» دېيدۇ. ئاشۇنداق كىشىنى ئوسال قىلىدىغان جاۋابلارنى بېرىپ يۈرمەيدىغانسىلەر؟

— چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن: ئۆمەرجان مەتتوختى

**جاۋاب:** مېنىڭ بىر قىزىقچى دوستۇم بۇ سوئالنى كۆرۈپ: «ئاجايىپ يۈزى تۆۋەن بالىكەن جۇمۇ، چاقچاقچا يەرگە قاراپ قالسا، تەنقىد قىلسا يەرگە كىرىپ كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ» دېيدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا دوستىڭىز سوئاللىرىنى ئەۋەتمىگىنى تۈزۈك.

**سوئال:** كىتابلارنىڭ باش بېتىگە «كىرىش سۆز» دەپ يېزىلغان خەتلەرنى كۆردۈم. ئەمما، كىتابلارنىڭ ئاخىرقى بېتىگە «چىقىش سۆز» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرمىدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

—خوتەن ۋىلايەتلىكدارىلمۇئەللىمىندىن: ئىلى مەمتىمىن

**جاۋاب:** چۈنكى كىرمەك تەس، چىقماق ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈن «چىقىش سۆز» يېزىلمايدۇ.

**سوئال:** بىرسى مەندىن «ياشاشقا تۇرامسەن، ياكى ئۆلۈشكىمۇ؟» دەپ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى. سىزنىڭچە، مەن قايسىسىغا تۇرسام بولار؟

— خوتەن ئىسلام ئاۋاتتىن: خېلىل ئابىل

**جاۋاب:** سوئالىڭ بەك قىيىنكەن، ئۇن سوم بەرسەڭ جاۋاب بېرىمەن دەڭ.

**سوئال:** مەن يېقىندا توي قىلماقچى ئىدىم، بىراق تويغا نۇرغۇن چىقىم كېتىدىكەن، مەن زادى قانداق قىلغاندا، ئاز پۇل خەجلەپ، چىرايلىق خوتۇن ئالالايمەن؟

— يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىسىدىن: تۇرغۇنجان ئابلا

**جاۋاب:** قانۇن رەسمىيىتى بويىچە توي خېتى ئېلىپ، دىنىي رەسمىيەت بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇپ توي قىلسىڭىز ئاز چىقىم تارتىپ خوتۇن ئالالايسىز.



**ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب**



## مەزىل سوئالغا مەزىل جاۋاب

**سوئال:** ئادەم ئىسسىقجان ياكى سوغۇقجان دېگەن ئايرىلىدىكەن. مېنىڭ ئىسسىقلىقىم ئارتىپ كەتسە دوختۇرخانىدا، سوغۇقلىقىم ئارتىپ كەتسە ئاشخانىدا يېتىپ قالىمەن. ئىسسىقتىن تەرلەپ، سوغۇقتىن توڭلاپ كېتىمەن. بۇنىڭدىن سىز ئەلۋەتتە مېنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئايرىپ بېرەلەيدىغانسىز؟

— شىخەنزىدىن: تۇرسۇن قادىر

**جاۋاب:** سىز دوختۇرلارنىڭ تەجرىبە قىلىشىغا ئەڭ مۇۋاپىق ئادەم ئىكەنسىز.

**سوئال:** يولداش تەھرىر مەن باشتا قىزلار بىلەن ناھايىتى ئاسان چىقىشىپ قالىمەن، تولىمۇ ئەپسۇس بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزۈمچە سوۋۇپ كېتىمەن. سىزچە قانداق قىلسام بولار؟!.

— قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن: ياشار

**جاۋاب:** مەيدە يانچۇقىڭىزغا سەرەڭگە، ئارقا يانچۇقىڭىزغا كۆمۈر سېلىپ يۈرۈپ، سوۋۇپ قالاي دېگەندىلا يېقىۋالسىڭىز بولىدۇ.

**سوئال:** ئاتۇشلۇقلار نېمە ئۈچۈن تىجارەتكە ئامراق؟

— ئاتۇش شەھەرلىك ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدىن: ئابلەي مەمەتئىلى

**جاۋاب:** ئۇلار «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېگەن تەمسىلنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن تىجارەتكە ئامراق.

**سوئال:** مەن ئۆيلىنەي دېگەن مەقسەتتە دوستلىرىمغا مەسلىھەت سالسام، بەزىلىرى ئاتا-ئانىسى دېھقان، ئۆزى خىزمەتچى قىزنى تاپ دەيدۇ، بەزىلىرى ئاتا-ئانىسىمۇ، ئۆزىمۇ خىزمەتچى قىزنى تاپ دەيدۇ، قانداق قىلسام بولار؟

— قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتىن: ئۆمەرجان .

**جاۋاب:** مېنىڭچە خوتۇننى ئۈچچى ئالمىغاندىكىن، مەسلىھەتنى ئاز سېلىپ، ئۆزىڭىزگە ياققىنىنى ئالسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

**سوئال:** مەن ھاراقنى ياخشى كۆرمەيمەن. بۇنىسى راست: ھاراق ئەل ئالدىدا تەمسىنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئىچۈرۈۋەرگەچكە ئاخىرى دەلدەڭشىپ قالىمەن، قانداق قىلسام بولار؟

**جاۋاب:** ئەگەر دوستلىرىڭىزنىڭ كۆڭلى سىزنى دەلدەڭشىتىپ قويىدىغان بولسا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ئەمەس كۆڭۈلنى قوبۇل قىلمىسىڭىزلا بولىدىكەنسىز.

**سوئال:** بىرسى ماڭا تەلەپ قويۇپ، سىز مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلسىڭىز ئاسماندىكى ئاينى ئۈزۈپ بەر دېسىڭىزمۇ ئۈزۈپ بېرىمەن دەيدۇ. سىزنىڭچە مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلسام، ئۇ ماڭا ئاسماندىن ئاينى راستىنلا ئۈزۈپ بېرەلەرمۇ؟

— قاغىلىق ناھىيە چارباغ بازىرىدىن: ئېلىقىز

**جاۋاب:** مېنىڭچە ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلالايدۇ. چۈنكى مۇھەببەت دېگەن شېرىن نەرسە. سىز ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلسىڭىز ئىككىڭلا ئەرشىئالاغا چىققاندەك بولىسىلەر، ئەرشىئالا دېگەن ئېگىز جاي بولغاندىكىن، ئۇ سىزنى ئايغا چىقىرىپلا قويىدۇ.

**سوئال:** مەن كەنتىمىزنىڭ مەلۇم بىر كادىرى بىلەن تام قوشنا ئولتۇرىمەن، ئىتتىپاقىمىز ياخشى. ئەمما بۇ كادىر چارۋا ماللىرىنى ئۆشتاق باللىرىنىڭ كالدىنا سېلىپ قويۇپ، ئورمانلىرىمنى ماللىرىغا غاجىلىتىپ نابۇت قىلىۋەتتى. بۇ سوئال ئېيتسام خاپا بولمالىق دەيدۇ يەنە زىيان تارتىمەن. بەكراق گەپ - سۆز قىلسام مەھەللىنى پۈتۈن تاشلاپ بېرىپ باشقا جايدىن ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىمەن، باشقا جايدىن ئۆي سالاي دېسەم مەن يالغۇز ھەم ئوڭ بىلىكىم چورتلا سونۇپ سالغاندىن، خىزمەتنىمۇ قىلالمايمەن، بۇنىڭغا بىشىم قاتتى، قانداق قىلسام بولىدۇ، جاۋاب بېرىلسە.

قاغىلىقتىن: قۇدرەت ئابدۇللا

**جاۋاب:** تەجرىبىلىك ئانىلار بالىسى ئەمچەكتىن ئايرىش ئۈچۈن ئەمچىكىگە لازا ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قاقشىق نەرسىلەرنى سۈرۈۋېلىپ ئايرىيدىكەن، بولسا سىزمۇ ھاك سۈيىگە ئۆلاق ئاغزىغا ئالالمىغۇدەك قاقشىق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئورمانلىرىڭىزنىڭ غولىغا سۈرۈپ قويۇڭ.

جاۋاب بەرگۈچى: ئەكبەر ئېلى





# ئۆرتەنگەن قەلبلەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم



شەرقتىن ئىككىنچى قېتىم قۇياش يەنە پارلىدى. مۇجۇلغان يۈرەكلەر، شىكەستلەنگەن قەلبلەر، جاراھەتلەنگەن دىللار ئىككىنچى باھارنىڭ تۇنجى سالقىن شامىلىدىن ھوزۇرلاندى. تېگىرقاشتا ھىدايەت يولىنى تاپالماي، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ئىنسانلار ــ قەلبىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت، كۈلپەت، دەرد-ئەلەملىرىگە چىدىماي، ھاياتتىن بىزار بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز ئالقىنىدا، تەقدىر ئىلاھىنىڭ كورلۇقىدىن ئۆكۈنۈپ، يۇم-يۇم يىغلاۋاتقان زىيالىيلار؛ قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ، چۆچۈپ ئويغانغاندەك، بىخۇشلۇق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئىشچىلار، ئۆزىنىڭ قەدىر- قىممىتىنى يوقىتىپ، دەبدەبىلىك سۆز بىلەن قورۇق ۋەز ئېيتىپ، ئىلىم-ئىرپان بېغىنىڭ «قارانچۇقى»غا ئايلىنىپ قالغان ئوقۇتقۇچىلار يەنە بىر رەت ئويغاندى. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى باھارى ئەنە شۇنداق باشلاندى. بۇ باشلىنىش تارىخنىڭ پارلاق بېتىنى ئاچتى، مائارىپ ساھەسىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. يۇقىرى-تۆۋەن مائارىپنى قوللايدىغان، ياردەم بېرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. قاسىم ئىمىن، كېرەم ئىمىندەك مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر مەكتەپ سالدى. مۇھەممەتتۇرسۇن سەيپىدەك ئىلىم ـ ھېرىسمەنلىرى مەكتەپ ئاچتى، خەلق ئويغاندى. مائارىپ جانلاندى، ئەسىر ھالقىيدىغان مائارىپنى جەمئىيەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۈرىدىغان ئاچقۇچلۇق ۋاقىت يېتىپ كەلدى. بۇ مائارىپنىڭ تۈنۈگۈنى ئىدى. ئەمما بۈگۈن 21 ـ ئەسىرنىڭ سىگنالىنى چېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان قۇتلۇق ۋاقىتتا، مائارىپ قويىندا، يېڭى- يېڭى زىددىيەتلەر ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، كىشىلەر كۆز تىكىدىغان، غۇلغۇلا قىلىدىغان سۆز تېمىسىغا ئايلاندى، مانا بۇ ــ مائارىپ تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن كەسكىن زىددىيەت ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ تۇراقلىقىغا، ئىناۋىتىگە تاقىشىدىغان بىر مەيدان سىناق. تېزدىن ھەل قىلمىسا بولمايدىغان، غەم ـ ئەندىشە، قايغۇ ـ ئەلەمنى تۈگىتىپ، پارلاق مەنزىرە بەرپا قىلىشتا، تېز تەدبىر قوللىنىپ، ئەمەلىي ھەل قىلىنىدىغان مەسىلە.

## ھەيران بولىسىز، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلار

(1)

مەلۇم مەكتەپنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش مەيدانى.

ـ قەغەزلەرنى تەكشۈرۈپ بولدىڭىزمۇ مۇئەللىم؟

ـ ھەئە، تەكشۈرۈپ بولدۇم.

ـقانداقراق خېلى يامان ئەمەستۇ؟

ـ بەكلا تۆۋەنغۇ، 70 تىن ئاشقىنى ناھايىتى ئاز.

ـ ئۇنداق دېمىسىلە، ئۇ سىنىپ مەكتىپىمىزنىڭ كۆزى. ئىدارىنىڭ كۆز تىكىدىغان نىشانى، بۇ قېتىم «كۆز تەگدىمۇ» نېمە؟

خېلى ئىدىتلاپ باقتىم، ئەمما ...

ـــ قايتا تەكشۈرۈپ باقامدۇق يا؟!

ـــيەنە كۆرسەك شۇ، ئامال يوق.

ـــ ئۇنداق دېمىسىلە، بۇ قېتىم نەتىجە تۆۋەن بولسا، ئۇنىۋانغا ـــ بولۇپمۇ پۇلغا، قولغا تېگىدىغان لوق گۆشكە تاقىلىدىغان گەپ. ئۆتكەندە سىلە شۇنداق دېگەندە مەنمۇ قاراپ تۇرمىغانغۇ؟

ـ شۇنداق قىلسىلا، كىمدىن قالمىغان جاھان بۇ!.

ـ بۈگۈن ماڭا، ئەتە ساڭا ...

ـ نومۇر قوشۇپ قويغانغا قەلەملىرىنىڭ سىياھىسى تۈگەپ قالماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە نومۇر يانچۇقلىرىدىن چىقمايدۇ. ئىمتىھان بەرگەن ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ 100 دىن نومۇرى بار. سىلىگە پايدا ـ زىيان توقۇنۇشمۇ يوق.

ـ بۇ ... بۇ ... قانداق بولار؟

ـ قانداق بولاتتى. ئۆتىنگە لايىقۇت دېگەن شۇ.

ـ ئەمىسە بوپتۇ. بۇ گەپ مەشەدىكىلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتمىسۇن جۇمۇ؟!!...

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندىن خۇلاسە چىقىرىش يىغىنىدا، ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ، ئېغىزلىرىنى ئېچىشقىنىچە ئولتۇرۇپ قېلىشتى، پۈتۈن بىر مەكتەپنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى 97 پىرسەنت، ئۆزلىشىش 100 پىرسەنتلىك ئۆتكەلگە جەڭ ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ ھال بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى مائارىپ تارماقلىرى تەكشۈرگەن ئەھۋال بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلاتتى. بۇ ئىش بۇ مەكتەپتىلا ئەمەس. ھەممە يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ئۆز رىسقىغا توپا چېچىلىشتىن ئەنسىرەپ ئاللىقانداق مۇناسىۋەت تورلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان، ئومۇملاشقان ئىش ئىدى. مانا بۇنداق يوقىرى نومۇر، تۆۋەن ئۇنۇم مائارىپ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى. ھەرقانداق مەخپىي ئىشنىڭمۇ ھامان سىرى يېشىلگەندەك بۇ ئىشلاردىنمۇ يوچۇق ئېچىلدى. تورلار كېڭەيدى «ئۆمۈچۈكلەر» ئۆز تورلىرىنىمۇ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، بىلىم كاساتچىلىقى پەيدا بولدى. ئىختىساس ئىگىلىرى «كۆپەيدى» ئەجىر قىلغان، مېھنەت سىڭدۈرگەن، جاپا ـ مۇشەققەتلىك بىلىم ئېلىش ئارقىلىق ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلار بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئاتلىغان پۇلى بار بايۋەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كۆپەيدى. بۇ بىلىمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، دىپلوم ئۈچۈن ئوقۇش، 60 نومۇر قوغلىشىش، ئىزلىنىشنى، ئۆگىنىشنى ياقتۇرماسلىق، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشتەك ئىشلارغا ئورۇق سالدى.

(2)

مائارىپ ئىسلاھاتى ئەڭ زور دۈچ كەلگەن ئىش ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسى، ئازادلىقتىن بۇيان 1992 ـ يىلغىچە ئېلىمىزدە 10 مىليوندىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەنگەن بولسىمۇ، ئېھتىياج يەنىلا قامدالمايۋاتىدۇ. يېزا ـ قىشلاق، چەت سەھرالارنىڭ مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىگە توسقۇنلۇق بولۇۋاتقان ئاساسلىق ئامىل ـ ئوقۇتقۇچىلار كەملىكىدىن ئىبارەت. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان رايونلاردا بۇ مەسىلە ناھايىتى ئېغىر. دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ئېلان قىلغان مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى شەھەر رايونلىرىدا ئەمەلىيلەشكەن بولسىمۇ، ھالبۇكى يېزا ـ قىشلاق، چەت جايلاردا ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن مەكتەپ سىرتىدا قالغان ئۆسمۈرلەر كۆپ. ھەتتا بەزى رايونلاردا ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن يىل بويى قويۇپ بېرىلگەن ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. بىر سىنىپقا بىر مۇئەللىم، ھەممە دەرس زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولغاچقا، كەسىپلىشىپ دەرس ئۆتۈش، ھەپتىلىك مەشغۇلىيەت ۋاقتى دېگەندىن ئېغىز ئېچىش قىيىن. بىر كۈندىكى ئالتە سائەت، ھەپتىدىكى 34 سائەت دەرسنىڭ ھەممىسى بىرلا ئادەمگە قاراشلىق، بىلىمگەن يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى تولا دېگەندەك مەخسۇس كەسىپ ئوقۇغانلار بېشىغا

كەلگەندە باتۇر بولۇپ، تەلەي سىنىماقتىن ئۆزگە چارە تاپالمايدۇ، قىيىن تۇرمۇش، جاپالىق خىزمەت، «قۇرۇق ئېمىزگە» ئۇلارنى روھىي، ماددىي ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتەلمىگەچكە، ياش، قابىل، ئوقۇتۇش كەسپىگە ئۆزىنى ئاتىغان، بىر تۈركۈم كۈچلەر يېزىلاردىكى ھەر خىل بېسىم شارائىتتا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاللىقانداق يوللار ئارقىلىق شەھەر، ناھىيە مەركەزلىرىدىكى مەكتەپلەرگە توپلاندى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر، ناھىيە مەركەزلىرى ھەم يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپلەردە ئادەم كۆپ، شتات ئارتۇق بولۇشتەك ھالەت شەكىللەندى. بۇ خەتەرلىك ئۆسمە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرسلىكلەرنى ئاساس پەن، قوشۇمچە پەن دەپ ئايرىپ، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى زور كۈچ بىلەن ئۆتۈلىدىغان، قالغان پەنلەرنى خالىسا دەرس تەييارلىقى قىلىپ، خالىمىسا قىلماي، خۇش ياقسا ئۆتۈپ، خۇش ياقمىسا ئۆتمەيدىغان، ھەتتا ئىمتىھانمۇ ئېلىنماي يالغان نەتىجە مەلۇم قىلىدىغان ئىشلارغا ئۇرۇق چاچتى. دەل شۇنداق بولغاچقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ كەلدى. بىز دائىم تارىختىكى مەشھۇر كىشىلەرنى ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەي، ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىمىزنى ناخشا بىلەن كۈيلەپ، ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق ئىزھار قىلىپ، دەبدەبىلىك سۆزلەر تىزمىسىنى تەكرارلاۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، مىللىتىمىز تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بۇ مەسىلىنى زادى قانچىلىك ئويلاپ باقتۇق؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟! ... بۇنىڭغا تېخى ھېچكىم ئەقەللىي جاۋاب بېرەلمىسە كېرەك. قۇرۇق سۆز بىلەن ئۇلۇغ ۋەدىلەر، باش- ئايىغى چىقمايدىغان، كۈندە دېگۈدەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان يىغىنلار بۇ مەسىلىنى زادى قانچىلىك ھەل قىلالايدۇ؟ بۇنىڭغا ھازىرچە بىرنېمە دېمەك تەس. ئەمما خەلقنىڭ كۈتۈۋاتقىنى ھەقىقىي ئۈنۈم، ئەمەلىي ئىش، شۇ ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش ...

(3)

مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىش - قىلماسلىقى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم سۈپىتىگە باغلىق. بۇ بىر ئەقەللىي ساۋات. ئەمما بىزنىڭ مائارىپىمىز ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردا، كرىزىسقا دۇچ كەلدى. بىر تۈركۈم «بىلىملىك زىيالىيلار» ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ھەر خىل يوللار بىلەن كىرىپ كەلدى. ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىندى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش ۋە مەخسۇس تەربىيىلەشنى يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى دېگەندەك ئەمەس. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى مىساللارنى ئىسپات كەلتۈرسەكلا كۇپايە.

× يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئوقۇتۇشنىڭ ئىچكى قىسمىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، ھەيران بولغىنىدىن تۇرۇپلا قالدى، چۈنكى دەرس تەييارلىقىدا «ئۆي ھايۋانلىرى بۆرە، ئېيىق، يولۋاس، توڭگۇز... ئۆي قۇشلىرى ئېشەك، قوي، كالا، ئۆچكە...» دەپ يېزىلغان ئىدى.

مەن بىر دوستۇمدىن يەنە مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىدىم. مەلۇم بىر يېزىدا، ئوقۇتقۇچىلار مەدەنىيەت ئۆگىنىشىدىن ئىمتىھان ئېلىنغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالتە كېلىش قايسى دېگەن سوئالغا بىرسى مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ. «مېڭىپ كېلىش، بېرىپ كېلىش، يۈگۈرۈپ كېلىش، كۆرۈپ كېلىش، ئولتۇرۇپ كېلىش، قايتىپ كېلىش ...»

ھەيران بولدۇم. نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۆتكەندە قايسى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاددىي كەسىرگە ئائىت مەسىلە، مىساللاردىن مۇتلەق خەۋىرى يوق ئىكەن، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. مانا ئەمدى بۇ ئىش ... ھەيران بولمىساممۇ بولىدىكەن، چۈنكى ماڭا ئۆزى ئوقۇتقۇچى، دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن، ئەمما چالا ساۋات ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن؟!... ئەسلى بۇلارغا ھەيران بولۇش، تەئەججۈپلىنىش كەتمەيدىكەن. مائارىپ كىرىشى بار، چىقىشى يوق ئورۇنغا ئايلانغان ئورۇن تۇرسا، بۇ مەسىلە ئاسانلىقچە ھەل بولاتتىمۇ؟! ھەربىي قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلار، مەمۇرىي كەسىپتىن يۆتكەلگەنلەر،

ئاللىقانداق نامى ئېنىق بولمىغان مەكتەپلەردە ئوقۇپ، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، مېتودىكىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغانلارغا بوۋاق بالىغا ساقال ياراشمىغاندەك، ئوقۇتقۇچىلىق تونى كىيدۈرۈلگەن ئەھۋالدا، ھەممىگە شۈكرى قىلىپ ئۆتۈۋېرىش كېرەكمۇ، ياكى ... ئىسلاھ قىلىش كېرەكمۇ؟ زادى نېمىنى؟ ھەممە ئۆز غېمى بىلەن ئۆز خىيالىي بىلەن تۆمۈر تاۋاقتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، تىرىشىپ- تىرمىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە ۋاقىت چىقامدۇ؟ ئۈمىدسىزلەنمەسلىك كېرەك، ئەتە چوقۇم بۈگۈندىن ياخشى ئەمەسمۇ ؟!...

## «مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى»

تۈنجى سائەتلىك دەرسكە كىرگەن، ئەمدىلا دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، بۇ يېزىغا تەقسىم قىلىنغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولغان ئوقۇتقۇچى ۋاقىت تۇشمايلا سىنىپتىن يېنىپ چىقىپ،ماتېرىياللىرىنى ئۈستەلگە زەردە بىلەن تاشلىدى.

ـ نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى مەكتەپ مەسئۇلى ئۇنىڭدىن.

ـ مەن بۇ سىنىپنى ئوقۇتالمايدىغاندەك قىلىمەن.

ـ نېمىشقا؟

ـ نامى 4- يىللىق بولغىنى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ساۋاتسىز ئىكەن ئەمەسمۇ؟

ـ بۇ تەرىپى بار. سىز تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز ئۇزۇنغا قالماي...

ـ قويۇڭ ئۇنداق گەپنى، مەن بۇ سىنىپنى ئوقۇتالمايمەن.

ـ ئالدىرىماڭ يىگىت، بۇ بالىلارغا 1 ـ يىللىقتىن ھېسابلىغاندا، تۆت قېتىم ئېلىپبە ئۆتۈلدى. بىراق ئۈنۈمى بولمىدى، پەمىچە سىز بۇ سىنىپنىڭ 13.- ئوقۇتقۇچىسى بولسىڭىز كېرەك. ئوقۇتامسىز، ئوقۇتمامسىز، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. مەن ئاران مەكتەپ مەسئۇلى، بۇنىڭغا چىش يېرىپ بىر نېمە دېيىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى پىكرىڭىزنى مەكتەپ مەمۇرىيىتىگە دەڭ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ بۇ ئاتالمىش 4 ـ يىللىققا ئېلىپبە ئۆتۈپ، ساۋات چىقىرىش، ھەر ئاماللار بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ بوسۇغىسىنى ئېرى قىلىش بۇيرۇقىنى ئالغان مۇئەللىم يېنىك تىن ئالدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تۆت يىل ئوقۇپ، 2- يىللىققا كۆچكەن بولسىمۇ، ساۋاتى يوق، چالا ساۋات ئوقۇغۇچىلار ئاز كەم 100 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىغان سىنىپتىن بىرى، 3 ـ يىللىقتىن بىرى خېرىدار چاقىرىپ، ھۆددىگە بېرىلدى. ھۆددە ئالغۇچى ئوقۇتقۇچى ساۋات چىقىرىپ، %85 ئۆلچەمگە يەتكۈزسە يىللىق مۇكاپات پۇلى بويىچە 540 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغان بولدى. ھەي، ئىست، نادان ئادەملەر، بۇ نېمە قىلىق، بۇنداق ئىشلار قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك قىيىن، ئەمما شۇنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھەقلىقمەنكى، مائارىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش گەرچە، چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەش دەپ ئېيتقاندىن كۆرە، مىللىتىمىزنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، باشقا مىللەتلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشقا تەييارلىنىشنىڭ ئۆلىنى سېلىش دېگەن تۇزۇك. چۈنكى تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلگەن يازمىلارغا ئاساسەن، «مىللىتىمىز ئەسلى مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىدى، بۇرۇن شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، چەت مەملىكەت، باشقا مىللەت كىشىلىرى بۇ يەرگە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كېلەتتى» دېگەن قۇرلارغا ئېرىشلىۋېلىپ، «ئۆزىمىزنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپ، پالازغا يۆگۈنۈپ بەش كۈن يېتىپ» جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنىمىزنى خاتا مۆلچەرلەپ كېلىۋاتىمىز، مەيلى ئىلگىرىمۇ شۇنداق بولسۇن؟ ئەمما ھازىرچۇ؟ بىز ئەسلى مەدەنىيەتلىك مىللەتمۇ بولايلى، ھالبۇكى بىزنىڭ ھازىر قانچىلىك پەن- تېخنىكا خادىمىمىز بار؟ قايسى ئالىمىمىز نېمىنى ئىختىرا قىلدى؟ ... دۇرۇس، ئىجتىمائىي پەنلەردە

بـەزى مـۇۋەپپـەقىـيەتلەر مەيدانغا كەلدى. تەبىئىي پـەندىـچـۇ؟ سانائەت تېخنىكىسىدىچۇ؟ ... بۇنىڭغا ئـالدىـراپ ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە مەيۇسلىنىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. قايسى بىر دانىشمەن «ئـۈمىد ـ بەختسىز ئادەمنىڭ ئىككىنچى يۈرىكى» دەپ تـوغرا ئېيتقان. بىز تىرىشىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، مـىللىتىمىزگە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇربان بېرىـش روھى بويىچە ئىزلىنىشكە ھەقلىقمىز، ئەمما ھېـلىقىدەك نەچچە يىل ئوقۇپ، ساۋاتى چىقمىغان، بـاشلانغـۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرۇقلۇقمۇ، ئۆز ئىـسمىـنى يازالمايدىغان بۇنداق ھالەتلەر قاچانغىچە داۋاملىـشـدۇ؟ ... بۇ مىللىتىمىزنىڭ ئىزباسارلىرىنى تەربىيلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلار ئويلاپ بېقىشقا تېگىشلىك ئىش، ھېچبولمىغاندا، ئالغان مائاش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ھـۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن بولسىمۇ ، تىرىشىش، مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىشـ ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. بۇ بۇرچ پـەقـەت ھـەر دەرىـجىلىـك پـارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ كۈندىلىك خىزمەت تەرتىپىدىكى ئىشلار بىلـەن بـاراۋەر ئورۇنغا قويۇلغاندىلا، ئاندىن ئىشقا ئاشىدىغان پەۋقۇلئاددە بۇرچتۇر.

## «لۆرە تۇرالمايۋاتقان قۇرۇق تاغارلار»

زور ئۈمىد بىلەن مائاش ئېلىشقا تەييارلانغان مۇئەللىم توختاپ قالدى.

ـ نېمە؟ راست دەۋاتامسىز؟

ـ ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز ھېسابلاپ بېقىڭ، بۇ بىر ئاي ئىچىدە، دەرس تەيـيارلىق، يوقلىما قىلىپ نومۇر قويۇش، دەرس ھۆججىتىنى يېزىش، تاپشۇرۇق بېرىپ ئۆزگەرتىش چالائىكەن. كەسپىي ئۆگىنىش، سىياسىي ئـۆگىنـىش، مـەدەنىـيـەت ئـۆگىنىشكە داۋاملىق كېـچىكىپسىز، بۇلارغا قائىدە بويىچە پۇل تۇتۇلدى، گېـزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتىرى بولۇش، بانكا ئامانەت دىگەندەك ئىشلار بىلەن قولىڭىزغا تېگىدىغىنى نەقلا 15 يۈەن.

مۇئەللىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. سەھەر تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار ماللىرىنى ھەيدەشتىن بۇرۇن، مەكتەپكە يىغىۋېلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ، سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتنىشالمىغان، جاڭگال ئارىلاپ، باللارنى سائەت 10 ـ 11 لەرگىچە يىغىپ، شۇ كۈنى ئۆتۈلمەكچى بـولغـان دەرس تـۈگـمەي، كەسپىي مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە كېچىككەن، ئۆزى يالغۇز بىر سىنىپنىڭ ئون نەچچە خىل دەرس تەييارلىقىنى قىلىپ، يېتىشىپ بولالمىغان تۇرسا، بۇ دەردىنى كىمگە ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 200 ـ 300 يۈەنلىك كىتاب ئۈچۈن، ئاران تېـخـى 50 نـەچچـە يـۈەن يىغىۋالالىغان تۇرسا، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەن مۇشۇ. ئەگەر مـەۋسـۇم ئـاخىـرى بـولسا ئىمتىھاندىن ئۆتۈش، ئـۆزلەشتۈرۈشنى نەقلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا، نېمە بولاركىن ـ تاڭ !...

## ئاخىرقى سۆز

تۇرمۇش ئۆزگەردى. كىشلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئۆستى، مىللىتىمىز مائارىپى زور دەرىجىدە يـۈكسـەلگـەن بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىلەر ئاز ئـەمـەس. بـۇنـى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىش چـارىسىنى تېپىش، ۋىجدانلىق، مىللەت سۆيەر كىـشـلەرنىڭ بۇرچى. مىللىتىمىز «تۈنۈگۈن» تـەرەققىـي قىـلغـان، بۈگۈن «يۈكسەلمەكتە» ئەتىچۇ؟ بۇ ھەممىمىزگە بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارغا بـاغلىـق، ئـەمـما مەسىلىلەر دۆۋىسىگە قاراپ تېڭىرقاپ، چىقىش يولى تاپالماي بۇرۇختۇم بولۇپ يـۈرۈش ھـاجـەتسىز، ئۆزىنى مىللەت ئۈچۈن ئاتىغان، بارلىقىنى مىللەت ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا تەيـيار كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ھەممە ئىنسان ئـۆزىـنىـڭ چـىقىش يولى ئۈچۈن تىرىشىپـ تىرمىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە غەم ـ ئەندىشە تـۇمانلىرى بىلەن قاپلانغان يۈرەكلەرگە مەلھەم بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاراھەتلەنگەن قەلبىگە شىـپـا بېـرىـش ھـەر كىمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى.

(ئاپتورى: كېرىيە يېڭىباغ باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى

# قىرتاق چاكارلار

(ئەدەبىي پارچىلار)

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

## ئىجادىيەت

چوڭ ـ چوڭ زامانىۋى شەھەرلەرنى كۆرۈپ قايتقان ئادەمگە ئىختىيارسىز ھالدا ئوتتۇرا ئەسىر تۇرمۇشىنى ئەسلىتىدىغان بۇ قەدىمكى شەھەردىكى ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرى. خىيال ئىلكىدە تەنھا كېتىۋاتىمەن. سوئال بەلگىسى بىلەن توشۇپ كەتكەن خىيال ئېكرانىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدىن، بىزنىڭ بۇ يەردە تېخى بولمىغان، ئەمما زامانىۋى شەھەرلەر ئۈچۈن ئاللىقاچان ئۆزلىشىپ بەزىلىرى ھەتتا «كونىلىق» بولۇپ قالغان سانــاپ تۈگەتكۈسىز يېڭىلىق ـ ئىجادىيەتلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈۋاتىدۇ. مانا، خىياللىرىم يەنىلا سوئاللارغا تۇتقۇن: ئەجىبا دەۋر ئوخشاش، زامان ئوخشاش، ئەمما نېمە ئۈچۈن باشقىلار 21 ـ ئەسىردە، ئەكسىچە بىز تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىردە؟! ئاسمىنىمىز، قۇياشىمىز ئوخشاش؛ لېكىن نېمە ئۈچۈن باشقىلار قۇياشقا يېقىن يورۇق، ئازادە بىنالاردا؛ ئەكسىچە بىز زېمىنگە يېقىن پەتەك ئۆيلەردە؟! باش ـ مېڭىمىز، پۇت ـ قوللىرىمىز ئوخشاش؛ بىراق نېمە ئۈچۈن ئۇلاردا بار سان ـ ساناقسىز ئىجادىيەتلەر بىزدە يوق؟!...

ـ رەھمە قىلسىلا ئاكا، بىزدەك ئاجىزلارنى يوقلىسىلا سىلىنى خۇدا يوقلايدۇ، ئامىن!...

سوئال ئالدىدىكى خىياللىرىم بۇزۇلۇپ، شۇئان ئالدىمغا قارىدىم. بىر خىل يېلىنىش ئىلكىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان قوي كۆزلىرىنى بىردە ماڭا، بىردە يەرگە تىككىنىچە، يۇمران ئەمما قاسماقلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى ماڭا تەڭلىۋاتقان بىر كىچىك بــالا ئــىككــى ـ ئۈچ قەدەمچە ئارىلىقتىن تىزىدا ماڭغىنىچە كېلىــۋاتاتتى. «ۋاي بىچارە، ـ دەپ ئويلىدۇم ئىچىمدە، ـ كىــچــىككىــنە تۇرۇپ پالەچ بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، ئىست...»

مەن ئۇنىڭغا بەش سوملۇق پۇلدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ يولۇمنى داۋام قىلدىم.

ـ ئامىن! سېخىي جەننىتى، خۇدا رەھمىتى، بىزدەك ئاجىزلارغا ئىچلىرى ئاغرىسۇن ئاكا، ئامىن!

ئالدىنقى بالا بىلەن تەڭ دېمەتلىك چىقىدىغان ئىككى بالا ئوخشاشلا تىزىدا ماڭغىنىچە كېلىۋاتىدۇ. «ھەي بىچارە باللار، سىلەرگە نېمە تارتقۇلۇق؟..»

بــۇ بــىچــارىــلارنىمۇ نائۈمىد قويماي دەپ، يېنىمنى ئاختۇردۇم ۋە بۇ قېتىم بەش سوم ئەمەس، بىر سوملۇقتىن ئىككىنى ئىككىسىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردىم. تېخى قالغان پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئالدىمغا «تىزىدا ماڭىدىغان ئاجىز بالا» دىن يەنە بىرى پەيدا بولۇپ قالدى. «توۋا» پۈتى ئاجىز باللار نېمانچە كۆپتۇ؟ يەنە كېلىپ ھەممىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك...» ئۇ توساتتىن كۆڭلۈمدىن بىر گۇمان كېچىپ ئارقامغا قارىسام بايىقى تىزلىنىپ ئالدىمغا كەلگەن باللار قولىدىكى پۇللارنى بىر ـ بىرىگە داملاتقىنىچە يــۈگــۈرۈپ كېتىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدىلا، ئۇلارنىڭ ساپ ـ ساق تۇرۇپ پالەچ قىياپىتىگە كىرىۋېلىشى ـ پەقەت پۇل تېپىش ئۈچۈنلا ئويلاپ تاپقان بىر «ئىجادىيەت» ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

دېمەك، تېخى مەن بىلمەيدىغان يېڭىلىق ـ ئىجادىيەتلەر بىــزدىمۇ كۆپ ئىكەن. بىراق ئاشۇ «ئىجادىيەت»لىرىمىز بىــلەن ئوتتۇرا ئەسىردە قالغان بىچارە روھىمىزنى 21 ـ ئــەســرگــە ئــەكەلگىلى، قۇياشقا يېقىن ئازادە ئۆيلەردە ياشاۋاتقان مىللەتلەر بىلەن بىر قاتاردا پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولامدۇ؟؟...

## ئەخمەق

نــادانلارنــى ئــەخمەق دېسە، ھېچكىم ئەجەبلەنمەيدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى ـــ بىلىملىكلەرمۇ ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار نــادانلارنىــڭ ئــەخــمــەقلىــقىــنىــلا كــۆرۈپ، ئــۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرەلمەيدۇ؛ قارانىيەتلەر ئەلۋەتتە ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار باشقىلار ئۈچۈن كولىغان ئورىغا ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ؛ ئاق كۆڭۈل كــىشىلەرمۇ ئەخمەق، چۈنكى دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل دەپ قاراپ، قارا نىيەتلەرنىڭ

ئالدام خالتىسىغا چۈشىدۇ؛ نامراتلار ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار پۇل تېپىشنى بىلمەي ئۆزىنى خارلايدۇ. بايلارمۇ ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار پۇل تېپىشنى بىلگىنى بىلەن ئاشۇ پۇلنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ؛ بېخىللار ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار پۇلنىڭ قىممىتى بىلەنلا ھېسابلىشىپ، ھاياتنىڭ قىممىتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. سېخىيلار ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار بۈگۈننىلا كۆرۈپ ئەتىنى كۆرمەيدۇ؛ ياشانغانلار ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار ياشلارنىڭ نەسىھەتكە قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ياشلارمۇ ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار پېشقەدەملەرنىڭ ياخشى نىيىتىنى ۋە نەسىھەتلىرىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى بىلىشنى خالىمايدۇ؛ پۇقرالار ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار باشلىقلارنى ئۆزلىرى سايلىغان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇنىڭدىن قورقىدۇ ۋە خۇشامەت قىلىدۇ، باشلىقلارمۇ ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى پۇقرالارنىڭ سايلىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ۋە كۆزگە ئىلمايدۇ؛ ئاياللار ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار بۇ دۇنيادا پەقەت رەڭلىك لاتىلار ئۈچۈنلا ياشايدۇ. ئەرلەرمۇ ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار ئاياللارنىڭ ئەخمەقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇ ئەخمەقلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ھەم ئەڭ ئەخمەقنى قوغلىشىدۇ؛ سىلەر ئەخمەق، چۈنكى شۇ تاپتا مېنىڭ ئەسلى نىيىتىمنى چۈشەنمەي تۇرۇپ «ھەممە ئادەمنى ئەخمەققە چىقاردىڭ، ئۇنداقتا سەن ئۆزۈڭچۇ؟» دەپ سوراۋاتىسىلەر. شۇنداق مەنمۇ ئەخمەق، چۈنكى سىلەرنىڭ ئەخمەقلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە سۆزلەۋاتىمەن...

## قەرزدار

چىڭقى چۈش. چۆل باغرىنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيولدا بىر جۈپ جىپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتىدۇ. تۇساتتىن بىرىنىڭ ماتورىدىن كاشىلا چىقىپ ئوتى ئۆچتى- دە، چىپىلا توختاپ قالدى. ھەر ئىككى شوپۇر پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ ئوت ئالدۇرالمىدى. ئەمدى بىرىنى بىرىگە سۆرىتىپ كېتىشتىن باشقا ئامال قالمىغان ئىدى. بىراق ھەر ئىككى ماشىنىدىن بىر غېرىچمۇ ئارغامچا تېپىلمىدى. خېلىغىچە ساقلىغان بولسىمۇ، بۇ چۆل - جەزىرىدىكى يولدىن ھېچقانداق ماشىنا ئۆتمىدى. چىدىغۇسىز ئىسسىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق ئازابى مىنۇتىغا ھەسسىلەپ كۈچىيىپ بارماقتا. قانداق قىلىش كېرەك؟؟

كۈتۈلمىگەندە چۆللۈكتىكى بىر چىغىر يولدىن گويا خۇدا يەتكۈزگەندەك بىر ئات ھارۋىسى چىقىپ قالدى. ھارۋىكەش بوۋاي ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئاتنىڭ بويىندىكى ئارغامچىسىنى يېشىپلا شوپۇرغا بەردى.

- رەھمەت ئاغا، باشقا تازا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتتىڭلا، ئاز بولسىمۇ بۇ پۇلنى ئېلىپ قويسىلا.

- مەن ئارغامچىنى پۇل ئۈچۈن بەرمىدىم بالام، قەرزىمنىلا قايتۇردۇم - خالاس.

- قەرزىمنى دېدىلىما؟

- شۇنداق، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندىن مۇسۇلماندارچىلىق قەرزى بولىدۇ. مەن پەقەت شۇ قەرزنىلا ئادا قىلدىم...

ھەقىقەتەن شۇنداق! بىز ھەر بىر ھەقىقىي ئىنسان مەڭگۈلۈك قەرزدارلارمىز: ئەڭ ئاۋۋال بىز ئاتا - ئانىمىزغا قەرزدار. چۈنكى قىممەتلىك بۇ ھاياتنى بىزگە ئاتا - ئانىمىز بەرگەن. بىراق بىز ئۇلارغا نېمە بېرەلىدۇق؟! بىز پەرزەنتلىرىمىزگىمۇ قەرزدار. چۈنكى ئۇنى ئۆز پۇشتىمىزدىن تاپقان ئىكەنمىز، دۇنيا مىراس قالدۇرالىساقمۇ، دېمەك تۇرغۇدەك يەر قالدۇرۇشىمىز كېرەككىغۇ، بىراق ئۇلارغا نېمە قالدۇرۇۋاتىمىز؟! بىز يەنە دوستلارغا قەرزدار. چۈنكى دوستلار ھايات يولىدىكى بارلىق ئىسسىق - سوغۇقنى بىز بىلەن تەڭ تارتتى. بىراق بىز ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قانچىلىك تارتىشىپ بېرەلىدۇق؟! بىز ھەتتا رەقىبلەرگىمۇ قەرزدار، چۈنكى ئۇلار بىزنى غەپلەت ئۇيقۇدىن ئويغاتتى ۋە ئويغانمىغانلارنى داۋاملىق ئويغىتىۋاتىدۇ. ناۋادا ئۇلار ئويغاتمىغان بولسا يەنە قاچانغىچە ئۇخلارىدۇق؟! بىز كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا زېمىنگە، ئەل - يۇرتقا قەرزدار. چۈنكى ئانا زېمىن ئىللىق باغرىدىن جاي بېرىپ باقتى. ئەل - يۇرت ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئادەم قاتارىغا قاتتى. بىراق بىز ئۇلارغا نېمە بېرەلىدۇق؟! بىز قۇياش، ئاي - يۇلتۇزلارغىمۇ قەرزدار، چۈنكى ئۇلار بىزگە نۇر بىلەن ئىللىقلىق بەخش ئەتتى. بىراق بىز ئۇلاردىن مىننەتدار بولۇش ئورنىغا تېخى «كۆزۈمنى چاقايتتىۋەتتىڭ!» دەپ تىللاپ قارغىدۇق. بىز دەريا - كۆللەرگە قەرزدار، چۈنكى ئۇلار بىزگە مول مەھسۇلاتلىرى بىلەن تاتلىق سۈيىنى بەردى. بىراق بىز ئۇنىڭ ئورنىغا ئەخلەت - يۇندىلارنى تۆكتۇق. بىز ھەتتاكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايدىغان پاقا - قۇمچاقلارغىمۇ قەرزدار، چۈنكى بىچارە پاقىلار ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىنىپ باھارنى چىللاپ كەلسە،

بىز ھەممىلا يەردە ئۆزىمىزنىڭ ئىسمىنىلا چاقىرىپ يۈرۈيدىغان، باھار كېلىپ دەرەخلەر قاراڭغۇلاشقاندا ئالدىن تەييارغا ھەييار بولىدىغان كاككۇكلارغا مەدھىيە ئوقۇپ، پاقىلارغا ئۇۋال قىلدۇق...

قەدىرلىك قېرىنداشلار، قەرزىمىزنىڭ كۆپلۈكىدىن قىلچە قورقمايلى. چۈنكى بۇ قەرزلەر شۇنداق بىر قەرزكى، بىز قاچان ئۆزىمىزنىڭ «قەرزدار» ئىكەنلىكىمىزنى ھەقىقىي رەۋىشتە ھېس قىلساق، دەل شۇ چاغدا بۇ قەرزلەر ئادا بولغان بولىدۇ.

**بىلىمىز = بىلمەيمىز**

غەربىي جىن خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ قول ۋەزىرى، خاقان جىن خۇيدى يېنىغا كىرىپ دوكلات قىلدى:

– ئۇلۇغ خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، دۆلەتتە ئاچارچىلىق بولۇپ يېگىلى ئاش قالمىدى،...–

– نېمە؟ ئاش قالمىغان بولسا گۆش يېسە بولمامدۇ؟!

ۋەزىر لام – جىم دېيەلمەي ئارقىچىلاپ ماڭغىنىچە قايتىپ چىقتى.

قەلەمنىڭ جاكارسى: قورسىقى توقلار قورسىقى ئاچلارغا «ئاش يېسە، گۆش يېسە بولمامدۇ؟!» دېيىشنى بىلىدۇ، لېكىن قايسى ئاش، قايسى گۆشنى دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

• • • •

شەيتان جەننەتتىكى مېۋىلەرنى يېيىشتىن ئىككىلىنىپ تۇرغان ئادەم ئاتىغا ۋەدە بەردى:

– خاتىرجەم يەۋەرگىن، نېمە، جەننەتتىن ھەيدەلىمەمچۇ دېدىڭما؟ مانا مەن كېلىپ ھەممە گۇناھنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىپ سېنى چوقۇم ساقلاپ قېلىشقا ۋەدە بېرىمەن!

ئادەم ئاتا ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ مېۋىلەرگە ئېغىز تەگدى. بىراق يەپ قويغان مېۋىلەرنى چىقىرارغا جاي تاپالماي جازالانغان چاغدا، شەيتاننىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدى.

قەلەمنىڭ جاكارسى: ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارمۇ ۋەدە قىلىشنى بىلىدۇ، لېكىن ئەمەل قىلىشنى بىلمەيدۇ.

• • • •

مەيخورلار ئۆمەر ھەييامنىڭ ئالدىغا بېرىپ سوراشتى:

– ھۆرمەتلىك ئۇستاز، مەينى قايسى كۈندە ئىچكەن ياخشى؟

– دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە، جۈمە، شەنبە ۋە يەكشەنبە ئىچكەن ياخشى.

– بىر كۈن ئىچىدىكى قايسى ۋاقىت ئىچىشكە ئەڭ مۇۋاپىق؟

– ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچ ئەڭ مۇۋاپىق.

– ئۇستازنىڭ قولىقىغا نېمىنىڭ ئاۋازى ئەڭ چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ؟

– ساقى قولىدىكى مەينىڭ ئاپقۇرلاردىن جامغا قويۇلۇۋاتقان چاغدىكى بۇلدۇقلىغان سادا.

– ئۇستازنىڭ بىزگە دەيدىغان ۋەسىيىتى بولسا ئاڭلىۋالساق.

– ئەگەر مەن ئۆلسەم، جەسىتىمنى مەي بىلەن يۇيۇپ، قەبرەمنىڭ لېيىنىمۇ مەي بىلەن ئېتىڭلار...

مەيخور شاگىرتلار گەرچە شۇنچىلا سوئالنى سوراشقان بولسىمۇ، لېكىن «مەينى نېمە ئۈچۈن ئىچىمىز» دېگەن بىرلا سوئالنى سورىمىدى.

قەلەمنىڭ جاكارسى: مەيخورلار ھەپتىسىگە يەتتە كۈن، كۈنىگە ئۈچ ۋاق مەي ئىچىشنى بىلىدۇ. لېكىن نېمە ئۈچۈن ئىچىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

• • • •

جەمشىت يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر توپ ھورۇننىڭ بىكارچىلىقتىن قىلغىلى ئىش تاپالماي قاقشىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلارغا تاشلىۋېتىلگەن ئەسكى – تۈسكىلەر ئارىسىدىن تۆت تال ھوشۇق بىلەن 52 پارچە قەغەزنى تېپىۋېلىپ، قارتا ۋە قىمارنى ئۆگىتىپ قويدى...

قەلەمنىڭ جاكارسى: ئىنسانلار قىمار ۋە قارتا ئويناپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشنى بىلىدۇ. لېكىن ئىككىنچى قېتىم مەڭگۈ كەلمەيدىغان ئاشۇ ۋاقىتنى نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

• • • •

سپارتاك «گلادىياتور» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ھەشەمەتلىك تاماشا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىندى. قولىغا خەنجەر تۇتقۇزۇلۇپ يەنە بىر قول بىلەن ھايات – ماماتلىق ئېلىشىشقا سېلىندى. بىرلا شەرت ئۇلارنىڭ قايسى ئۇتسا شۇ ھايات قالاتتى. ئۇلار ھايات قېلىش، ياشاش ئۈچۈن جان – جەھلى بىلەن تىرىشىپ – تىرمىشىپ ئېلىشتى.

قەلەمنىڭ ساداسى: قۇللار ئەجەل ئالدىدىمۇ تىرىشىپ – تىرمىشىپ ياشاشنى بىلىدۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ...

قىسقىسى بىز قارىماققا ھەممىنى بىلىمىز، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى بىلمەيمىز.

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى

# «گۈلدەستە» گە بىر نەزەر

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى دۆلىتىمىزدە نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى بىردىنبىر مەملىكەت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، ناھايىتى ياخشى چىقىرىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئىككى يىلنىڭ مابەينىدە بۇ ژۇرنالنىڭ ھەر جەھەتتىكى سۈپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىدىغانلار كۈنسايىن كۆپىيىمەكتە.

كىشىلەر بۇرۇن بۇ ژۇرنالنى نوقۇل سىياسىي خاراكتېرلىك ژۇرنال دەپ تونۇيتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ژۇرنالنى كۆرىدىغانلارنىڭ سانى ئاز ئىدى. ۋەھالەنكى ئۆتكەن يىلدىن بۇيان بۇ ژۇرنال «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «ھەجۋىي رەسىملەر»، «كۈلكە خۇرجۇنى»، «گۈلدەستە»... قاتارلىق يېڭى ھەم قىزىقارلىق سەھىپىلەرنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ژۇرنالنىڭ ئوقۇرمەنلىرى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. جۈملىدىن مەنمۇ بۇ ژۇرنالنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئاشنىلاردىن بىرى بولۇپ قالدىم. يۇقىرىقى سەھىپىلەر ئىچىدە مېنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلغىنى «گۈلدەستە» گە بېرىلىۋاتقان ئۆزگىچە يېڭى پىكىرلىك شېئىرلار بولدى.

بۇ شېئىرلاردا جەمئىيەت پاكى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل ئارقىلىق قامچىلانغان. مەسىلەن: مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1993-يىللىق 5-سانىغا بېرىلگەن ھەجۋىي رەسىم بىلەن ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شېئىرى ماتا مۇشۇنداق يۇمۇرىستىك ھەجۋىي تىل ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ناچار قىلىق ۋە چىرىك ئىستىللار قامچىلانغان ياخشى شېئىردۇر. ھەجۋىي رەسىمدە كىيدىۋالغان باشلىقنىڭ ئەمەلدارلىق كىبرى مەسخىرە قىلىنغان بولسا، شۇ رەسىمگە بېغىشلانغان شېئىردىكى «قولىڭىز بار تەرەپكە ئۆزۈم باراي، مۇبارەك قولىڭىزنى تۇتۇۋالاي، ... ...نامىڭىزنىڭ يۇقى بىزگە يۇقۇپ قالسۇن، خالايىق بۇ شەرەپنى ئۇقۇپ قالسۇن» دېگەن مىسرالاردا، ئۆز ئىقتىدارىغا، جاپالىق ئەمگىكىگە تايانماي، بەلكى باشلىقلارنىڭ سايىسىدا جان باقىدىغان، باشلىقلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان تاماخور، خۇشامەتچىلەر مەسخىرە قىلىنغان، بىر پارچە ھەجۋىي رەسىم بىلەن بىر نەچچە كۇپلېت شېئىر ئارقىلىق، خۇشامەتچىگە مۇھتاج ئىقتىدارسىز باشلىق بىلەن مۇھاپىزەت كۈنلىكىگە مۇھتاج خۇشامەتچىدىن ئىبارەت قوشكېزەك رەزىللىك ناھايىتى ئەپچىل قامچىلانغان.

ئوقۇرمەنلەردە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ۋە بۇ ژۇرنالنى قولدىن قولغا ئېلىپ، ئىزدەپ-سوراپ تېپىپ كۆرۈشكە سەۋەبچى بولغىنى شائىر روزى سايىتنىڭ 1994-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ناملىق شېئىرى بولدى. بۇ شېئىردا شائىر ئۆتكۈر شائىرلىق كۆزى، پىشقان شائىرلىق ئىستېداتى، گۈزەل شېئىرىي تىلى ئارقىلىق مىللەتكە چوڭقۇر نەزەر سېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرى ۋە مەزلۇملىقلىرىنى قەلىمى بىلەن قېزىپ چىققان.

شېئىر بىر گۈمبەزگە ئايلاندۇرۇلغان يەتتە پارچە غەزەلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى غەزەلدە:

نەسەبتە كۈللى ئالەمدە ئېتىراپلىق مىللىتىم باردۇر،
ئوغۇز پۇشتى-مۇقامى كاتتىلىقتا زىننىتىم باردۇر.
يۇسۇپ، مەھمۇد كىتابىغا يېزىلغان نى باھادىرلىق،
يەنە تاڭ قامۇسىدا قەيت ئەجىرلىك مېھنىتىم باردۇر.
يىپەك، قاشتاش، كىلەم، بوغداي، پېدە، قەغەز... گە بىز مەنبەدا،
(بۇنى جاڭ چيەنمۇ تەستىقلايدۇ تۆھپەم، قىممىتىم باردۇر.)
................

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شان-ئۆتمۈشلىرىنى تارىختىن سىتات كەلتۈرۈش بىلەن تەستىقلايدۇ، ئارقىدىنلا بۇ تۆھپىلەرنىڭ ھەممىسى تارىخقا مەنسۇپ، بىز بۇ تۆھپىلىرىمىز بىلەن قانائەتلىنىپ، يەنە يېڭى تۆھپە ياراتماي توختاپ قالساق، كەلگۈسىدە ئەۋلادلارغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟ دېگەن باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق دېمەكچى بولغان ئاساسىي پىكرگە ئۆتۈپ:

ئۆزىنىڭ مىللىتىنى يەرگە ئۇرماس ھېچ كىشى زىنھار،
مېنىڭ بۇ «تىللىشىم» دا تەكتى ھۆرمەت، خىزمىتىم باردۇر.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق تۆۋەندىكى بۆلەكلەرگە پىكىر يولى ئاچىدۇ.

ئىككىنچى غەزەلدىن باشلاپ «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ تارىخىي ئاتالغۇنىڭ «ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش...» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا بىر-بىرىنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق ئىللەتلىرى خۇددى ئاشلىققا چۈشكەن مىتەدەك يامراپ كەتكەنلىكى، باشقا مىللەتلەر ئەرمەكچى قىلىپ نەگە باردى، بۇنىڭ بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، باشقىلار بىلەن بىلىم، ئىقتىدار جەھەتتە بەسلەشمەي،

ئەكسىچە زىددىيەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ يۈرۈيدىغان نادانلىقلىرىنى؛ ياشانغانلارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە «نامازخانلىق» بىلەن، ياشلارنىڭ بولسا بىكار تەلەپلىك، ئويۇنخۇمارلىق، ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، سۆلەتۋازلىققا بېرىلىش، ھەممە ئىشتا باشقىلارنىڭ ئېغىزىغا ۋە قولىغا قاراش بىلەن «بىز دېگەن پالانى مىللەت، بىزنىڭ تارىختا ئۇنداق نېمىمىز بولغان، مۇنداق نېمىمىز بولغان...» دەپ مىللەتنىڭ تارىختىكى ئۆھپىلىرىدىن قانائەتلىنىپ يۈرۈيدىغان بىخۇدلۇقلىرىنى؛ مىللىتىمىز ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئازراق پۇلغا تايىنىپ خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىپ يۈرۈيدىغان «خوتۇن بېدىكلىرى» گە ئايلىنىپ كەتكەنلىكلىرىنى، بەزىلەرنىڭ ھاراقكەش، بەزىلەرنىڭ يۇرتۋاز، بەزىلەرنىڭ ئىستىلدا چىرىك، يەنە بەزىلەرنىڭ دوستلۇقنى قەدىرلىمەي گۇرۇھ-مەزھەپ شەكىللەندۈرۈپ يۈرۈيدىغان «جېدەل خۇمارلىق» لىرىنى، ئىلىم-پەن ئۆگىنىدىغان ئوبدان پۇرسەتلەردە قىمار ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن قىمار ئويۇنلىرىدا لاغايلاپ يۈرۈشلىرىنى؛ شۇنداقلا تارىختا نۇرغۇن زەپەرلەر قۇچقان بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈنكى يېڭى دەۋرنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشسىز قالدۇرۇپ، ئاغزى ئەمدى ئەمچەكتىن ئايرىلغان قىزلىرىنى تالالىق، ئوغۇللىرىنى مالچى ياكى كەتمەنچى قىلىپ، «كۆزى ئوچۇق قارىغۇلار» دىن قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، بەزىلەرنىڭ گۈلدەك چىرايى بار قىز-ئاياللىرىنى «روپاچ» بولۇشقا قىستاپ، ئۇلارنى جاھاننىڭ خۇۋلۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقان كونىلىقلىرىنى كۆيۈنگەن ھالدا تەنقىدلەيدۇ.

خىيالىم شۇ: مېنىڭ بۇ مىللىتىممۇ نۇر قۇچالارمۇ؟
نادانلىق ئىللىتىنى ئىلمۇ-ئىرپاندا يېچالارمۇ؟...

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق شائىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىن غەم يەيدۇ. قورساقنىڭ غېمىدە قالغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئىستىقبالىدىن قايغۇرىدۇ ۋە ئەنسىرەيدۇ.

ئارقىدىنلا شائىر بىر سەكرەپ بۇ مىللەتمۇ بۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىللەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەجرى ۋە ئەقىل-ئىدراكىغا تايىنىپ بېيىپ روناق تاپقان، مىللەتنى نادانلىق پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىغان كېرىم ئىمىن ۋە دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئالەمگە تونۇلغان ياش ناخشىچى دىلبەر يۇنۇسقا ئوخشاش كىشىلەرمۇ بىزدىن چىققان، چىقماقتا ۋە چىققۇسى دېگەن ئۈمىدكە تولغان ئوپتىمىستىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا ئېتىپ ئۆزىگە، شۇنداقلا مىللەتكە تەسەللى بېرىدۇ. ئارقىدىن بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىسىنەزەرى بويىچە ھامان ناچارلىق بار يەردە ياخشىلىق بولىدۇ. مەڭگۈ بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولمايدۇ. بىزگە بەخت-ئامەتمۇ قۇچاق ئاچىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىزدىنىشكە، ئۆگىنىشكە، ئالغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەن يەكۈننى خۇلاسىلەيدۇ.

دېمەك، شائىر روزى سايىت «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ناملىق شېئىرى ئارقىلىق مىللىتىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يامان مۇپەتلىك ئۆسمىنى ئېچىپ ئالدۇرۇپ، كەڭ كىتابخانلار ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان «كىم ئىدۇق، كىم بولدۇق، يەنە كىم بولۇشىمىز كېرەك» دېگەن زور بىر ئىجتىمائىي تېمىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

بىر پارچە بەدىئىي ئەسەرنىڭ قىممىتى ئەڭ ئالدى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالالىشى ياكى سالالماسلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ناھايىتى زور ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە، ئىستېتىك ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە قىلىنغان.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ خوتەندىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق مۇشتەرىسى ئىچىدە بۇ شېئىردىن تەسىرلەنمىگەن، سوقا-سۆھبەت قىلمىغانلىرى يوق دېيەرلىك.

ئۇقۇشۇشىمىزچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولمىغانلار ئارمىنىدا قېلىپ، بۇ ژۇرنالنى ئىزدەپ-سوراپ تېپىپ ئوقۇش قىزغىنلىقى تا ئۈرۈمچىدىن تارتىپ خوتەنگىچە تەڭ قوزغالغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، سابىق خوتەن ۋالىيسى، ھازىرقى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا خوتەنگە كەلگەندە، ئالدىراشلىق ئىچىدە ۋاقىت چىقىرىپ، روزى سايىت بىلەن كۆرۈشۈپ، «روزاخۇن، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدا «ئاھ مېنىڭ مىللىتىم» دېگەن بىر شېئىرىڭلار ئېلان قىلىنىپتۇ، شۇ ژۇرنالنى ماڭا تېپىپ بېرىڭلار» دەپ بۇيرۇپ تاپقۇزۇپ ئوقۇغان. دېمەك، بۇ شېئىر كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان، چوڭقۇر ئويلىنىشقا، ئالغا ئىنتىلىشكە دەۋەت قىلغان ياخشى شېئىر.

ئاخىرىدا، بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنالنىڭ مانا مۇشۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنى كەڭ ئامما بىلەن پات-پات يۈز كۆرۈشتۈرۈپ تۇرۇشىنى، مۇئەللىپنىڭمۇ مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور: خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئىشلەيدۇ)

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

# مىللەتلەر باراۋەر جۇڭگودا ئېلىمدە

– «جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىغا بېغىشلايمەن.

**روزى سايىت**

نادانلار ئاۋارە بولۇپ بىكارغا،
مىللەتنى ئايرىشىپ «ئېگىز، پاكار»غا،
ئاغزىنى ئۇششۇتەر كۆڭۈلنى ئېكىپ،
ئوخشىتىپ ئۇنى بەگ، بۇنى چاكارغا.
جۇڭگونىڭ قانۇنى مۇقەددەس قانۇن،
بۇ قانۇن ئۈندەيدۇ مۇنداق جاكارغا:
– مىللەتلەر باراۋەر جۇڭگودا ئېلىدە،
ئورتاق ئۇ شان-زىمەر، نومۇس-ئارغا.
قىممەتتە چوڭ، كىچىك ئەمەس ھېچقايسى،
ئۆزگىچە پىتنىلەر كەلمەيدۇ كارغا.
ھىدايەت، ھىمايەت، ئىنايەتتە تەڭ،
قانۇن چىقارمايدۇ بۇنى ئىنكارغا!...
كۆڭۈلنى ئېكىشلەر، دىلنى چېكىشلەر،
دوستلارنى يىغلىتار، ياقار مەككارغا.
بىز دېمىز مىللەتتە «ئاكا» «ئۇكا» يوق،
(نادانلار چىقىرار بۇنى ئىنكارغا.)
ئۈندەيدۇ دەۋرىمىز بارچىنى بۇ دەم،
ئورتاق-تەڭ گۈللىنىپ روناق تاپارغا.
مىللەتلەر گۈللىنىش، ياشناش دەۋرى بۇ،
مەيدان كەڭ، مەنزىل ئۇز ياخشى تولپارغا.
ئاپتونوم قانۇنى-مۇقەددەس قانۇن،
ئېلىمىز تۈزمىدى ئۇنى بىكارغا.
ئەتلىنىپ، نەپلىنىپ قانۇن كۈچىدىن،
ئۆت سەپەر-بەيگىدە ئالدىن قاتارغا.
بىلگەنگە قانۇن-ئۇبباھا گۆھەر،
قۇرۇق گەپ يارىماس ئەسلا بازارغا.
نادانلىق چۆمبىلى ئارتمىغان مىللەت،
يەتكۈسى گۈزەل كۈن-ۋىسلى باھارغا!

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

# ئەسىرلەر

**ئابدۇراخمانجان ئابدۇكېرىم (سەمەندەر)**

–1–

مەن چۆللۈككە قان - تەر تۆكۈپ بىر گۈزەل باغ ئەميا قىلدىم. بۇ باغ راسا باراقسانلاپ دەرەخلىرى مېۋىگە كىرىپ جەننەتتەك تۈسكە كىردى. مەندە شۇ چاغدا بىر خىل مەغرۇرلىنىش تۇيغۇسى باش كۆتۈرۈپ مېنى ئەمدى تارتقان جاپايىمنىڭ راھىتىنى كۆرۈشكە ئۈندىدى. مەن باغنىڭ ئوتتۇرسىغا ياسالغان شىپاڭدا ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ شىرىن خىياللارنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن مەغرۇرلۇقنىڭ تۈگىمەس ئۇيقۇسىنى باشلىۋەتتىم.

قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن بىر چاغدا ياستۇقتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ بىر خىل ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن كېرىلىپ ئەسنىۋەتكەندىن كېيىن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ داڭ قېتىپلا تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى ھېلىقى جەننەتتەك گۈزەل بېغىمدىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. دەرەخلەر قۇرۇپ قۇرۇق ئوتۇنغا ئايلانغان بولۇپ مۇنبەتلىشىشكە باشلىغان چىلان تۇپراقتىن بولسا بىر قەۋەت ئاپ ئاق شور ئۆرلەپ چىققانىدى...

–2–

مەن ۋەھىمىلىك چۆركىلەۋاتقان قاينامنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرى ئارىسىدا جان تالىشىۋاتقىنىمدا مېنى قۇتۇلدۇرۇلماقچى بولغان بىر شەپقەتچىمنىڭ كۈچ بىلەن ئىتتىرىشى نەتىجىسىدە ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزۈمنى قىرغاقتا كۆردۈم، ھېلىقى ۋەھىمىلىك قايناما تىكىلگىنىمدە بولسا شەپقەتچىمنىڭ بىر چۆكۈپ بىر لەيلەپ جان تالىشىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچىمدە كۈلكەم قىستىماقتا ئىدى...

–3–

مەن كۈندىكىدەك ئادىتىم بويىچە مېيىنەتلىكىدىن ئەسلى رەڭگىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قەدىناس خورجۇنۇمنى مۈرەمگە ئارتىپ كىشىلەردىن سەدىقە تىلەشكە ماڭدىم.

خورجۇنۇمنىڭ ھەر ئىككىلى كۆزى ئاللىبۇرۇن سەدىقە قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ كۆزلىرىم ھېچ بىر تويىدىغاندەك ئەمەس ئىدى...

# مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر ھەقىقىي مۇسۇلمانچە بولۇشى كېرەك

ھازىر ھەر قايسى جايلاردا ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە جەمئىيەت بۇرۇنقى پىلانلىق ئىگىلىكتىن تەرەققىي قىلىپ بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەچكە ھەممە جايلاردا ھەر خىل ئاشخانا، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسىي كارخانىلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە. بەزى جايلار بۇ ئورۇنلارغا «مۇسۇلمانچە» دېگەن بەلگىنى تارقىتىپ بېرىش بىلەن ئۇنى ئېسىپ ئەمگەك تارماقلىرى ئادەم ئورۇنلاشتۇرغاندا تەستىقلىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىسمىنى جەدۋىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىگە بېرىپ تەكشۈرتۈپ، ئۆز ئورنىنى ئىسمى-جىسمىغا لايىقلاشتۇرۇپ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئابرويىنى ھەقىقىي قوغداپ، ئاممىنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە، ئەمما كونا جەمئىيەت بىلەن بۈگۈنكى پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جەمئىيەتنى، چەت ئەل بىلەن ئۆز يۇرتىدىكى ئەۋزەللىكنى سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئىنتايىن رازى بولماقتا، جۈملىدىن بەزى جايلاردا خەنزۇلار ئاچقان «مۇسۇلمانچە» ئاشخانىلارمۇ بەزى مىللىيلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان، پىششىقلايدىغان كارخانىلار ئۇلارنىڭ تىجارەت دۇكانلىرى، ھەتتاكى ھاراق-تاماكا، قەنت، شېكەر شىركىتىنىڭ سودا دۇكانلىرى كۆپ سانني ئىگىلىمەكتە، بۇ جايلاردا ئىشلەيدىغان مۇسۇلمانلار يوق ئەمەس، بىراق بەك ئاز بولغاچقا، مىللىي ئۆرۈپ-ئادەتكە ماس كەلمەيدىغان ئىشلار كۆپەيمەكتە، بۇنداق ئەھۋال بىر شەھەر ياكى ناھىيىلەردە ئەمەس ھەممە جايلاردا مەۋجۇت.

بۇ يىل مەلۇم ناھىيىنىڭ ئونئۇبىرسال يېمەكلىكلەر باش زاۋۇتىنىڭ سابىق سېكرېتارى بىلەن بۇ توغرىلىق سۆزلىشىپ تەكلىپ بەرگىنىمدە ئۇ ماڭا:

«خەنزۇلار ياسىغان، ساتقان بىلەن بىز ئۇنىڭغا «تۇڭگۇز» يېغىنى ئەكەلمەي ياكى قوشمىساقلا ئۇ مۇسۇلمانچە بولدى ئەمەسمۇ!؟» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ خىل ئىشلارنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاممىا كۈچلۈك ئىنكاس قىلىشماقتا. شۇڭا ھۆرمەت بىلەن ھەر قايسى پارتكوم، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئىدارىلىرى بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا ئۇلارنىڭ نامىغا لايىق ئىش قىلىش ھەققىدە كونكرېتنى، كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ۋە قانۇن، ئالاقىدار بەلگىلىمە شۇ ۋاقىتتا تۇرغۇزۇپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ تېزراق تۈزىتىشنى شۇ ئارقىلىق پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئابرويىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىلىشى، بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مۇقىملىقنى قوغداشقا پايدىلىق. پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش ھەممە كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى.

بۇ مەسىلىنى ئىنكاس قىلىشىم ھۆرمەت بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتلەر بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبەرلەر پارتىيىمىزنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتىگە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي خىزمەتكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنىڭ دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، پارتىيە بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالاقىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مۇقىملىقنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت.

(كۇچا ناھىيىلىك كوتۇپخانىدىن

ئىمىن قارى ئابدۇرېھىم)

# 1994年第四期要目


## ●特稿

适应市场促进民族经济发展……全哲洙
春天的喜讯：中央民族学院更名纪实……本刊记者 江 凌
把民族地区乡镇企业推上一个新台阶……张定龙
民族文化和民族宣传工作要为经济建设服务……方鹤春

## ●民族与自治地方

乌孜别克与其民俗……哈迪尔·阿克拜尔

## ●说说我的民族

本性之陋习……艾合塔木吾马尔
深沉的思绪……瓦尔斯江·哈斯木

## ●民族与风俗

维吾尔族的自然认识……阿布都克里木·热合曼
维吾尔族人名之意……木塔里甫·斯迪克

## ●世界民族

阿拉伯人和阿拉伯语的地位……阿布都拉

## ●民族宝库

宗朗玛扎尔……阿布都艾孜孜

## ●读者来信

“花坛”观后感……阿布都热依木
清真食品应名副其实……伊明哈日

## ●花坛

痛苦的心（报告文学）……麦提吐尔逊
涩语……吐尔逊别克
民族平等在中华……肉孜萨依提

## ●画页

封面：司马义艾买提在克里木伊明中学与少先队员在一齐……伊德里斯摄
封二：司马义艾买提视察克里木伊明所建中学、桥梁和医院……伊德里斯摄
中心彩页：油城新貌……李辉摄
彩背一：节日欢乐……
彩背二：维吾尔书法……安尼瓦尔
封四：银曲……亚 明摄



民族团结

（维吾尔文）

●主编
伊德里斯·巴拉提

●副主编
艾克巴尔·艾力

●责任编辑
哈米提·尼格买提

●出版
中国民族团结杂志社

●编辑
民族团结杂志社维编部

●地址
新疆乌鲁木齐市友好南路22号
邮政编码：830000

●印刷
新疆日报社印刷厂

●发行
乌鲁木齐市邮局

●订阅
全国各地邮局

●国外总发行
中国国际图书贸易总公司
国外代号：BM178U

●全国统一刊号
CN11——1557

●邮政发行代号
58——117



بېيجىڭ شەھىرىنىڭ گەنجاكو كوچىسىدا، كىشلەر «شىنجاڭ كەنتى» دەپ ئاتايدىغان بىر يېمەك - ئىچمەك بازىرى بار. بۇ يەردە «سىدنى مۇسۇلمانلار رېستورانى» دەپ نام قويۇلغان بىر ئالىي رېستوران بارلىققا كەلدى. بۇ رېستوراننىڭ خوجايىنى ياشارجاڭ ۋېنىڭ ئەپەندى ئەسلى چۆچەكلىك خوبرۇ بولۇپ، بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى ئاۋستىرالىيىنىڭ سىدنى شەھىرىگە بېرىپ مۇسۇلمانلار رېستورانى ئاچقان ئىدى.

2 - سۈرەتتىكى چاكۆينەك كىيگەن كىشى ياشار ئەپەندى بولىدۇ.






خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى مەلھەم دورىلارنى زامانىۋى ئۇسۇلدا تابلېتكا قىلىپ ياساپ چىقتى. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان «ئىمساك تابلېتى» نېرۋا ئاجىزلىق، مەنى تۇتالماسلىق، سۈيدۈك تۇتالماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.





ئۇزۇن يوللار

يامىن فوتوسى

《民族团结》维吾尔文版 «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژورنال)
定价：1.30元
باھاسى 1.30 يۈەن